مۇھەممەد قاسىم مۇھەممەد سىدىق قاراقاشى

# پەرز ئەين

- بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىشى «پەرز ئەين» ئەمەللەر -

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

مۇھەممەد قاسىم مۇھەممەد سىدىق قاراقاشى
پەرز ئەين - بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىشى «پەرز ئەين» ئەمەللەر -
ئەۋلاد نەشرىياتى

ISBN 978-605-71276-7-9
9 786057 127679

ئەۋلاد نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

HAK
HAKSEVER

مۇھەممەد قاسىم مۇھەممەد سىدىق قاراقاشىي

# پەرز ئەين

## (بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىشى پەرز ئەين ئەمەللەر)

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

هەنەفىي مەزھىبىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن، شۇنداقلا ۋەتىنىمىزدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى دەرسلىك قىلىنىپ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي مەلۇماتىنىڭ يۈكسىلىشىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتكەن قىممەتلىك كىتاب.

# پەرز ئەين
# Farz-ı Ayn


نەشرگە ئۇيۇشتۇرغۇچى:

ھەقسۆيەر ئىسلام تەتقىقات مەركىزى

Haksever İslam Araştırma Merkezi



| | |
|---|---|
| Yazar | مۇئەللىپ |
| **Muhammed Kasım Muhammed Sıdık Karakaşî** | مۇھەممەد قاسىم مۇھەممەد سىدىق قاراقاشى |
| Çeviren | تەرجىمە قىلغۇچى |
| **Ebuâliye** | ئەبۇئالىيە |
| Redaksiyon | تەھرىرلەر |
| **Habibullah KURBANİ, Muhammed Bişaret, Atavullah Savur, Abdurazak Recep** | ھەبىبۇللاھ مەتقۇربان، مۇھەممەد ئەمىن بېشارەت، ئاتائۇللاھ سەئدى، ئابدۇراززاق رەجەب |
| Kapak & Sayfa Tasarım | بەت ۋە مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى |
| A. AKHUN | ئا. ئاقھۇن |
| Yayıncı | نەشر قىلغۇچى |
| **Ewlat Neşriyat** | ئەۋلاد نەشرىياتى |



2022 ـ يىل 3 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى

2022 ـ يىل 4 ـ ئاي، 1 ـ بېسىلىشى

ئىستانبۇل ـ Istanbul

**ISBN: 978 ـ 605 ـ 71276 ـ 7 ـ 9**

# مۇندەرىجە


**كىتاب ھەققىدە** ........ 5

**مۇھەممەد قاسىم داموللام** ........ 7

**ئاللاھنى تونۇش** ........ 21

ئاللاھنىڭ ئۈچ يېگانىلىكى ........ 23

**سىز كىمنىڭ ئۈممىتى؟** ........ 24

ئۇسۇلى دىن ........ 27

**قىرىق پەرز** ........ 28

ئىمانى مۇپەسسەل ........ 28

ئىسلامنىڭ بەش ئەركانى ........ 29

تاھارەتنىڭ پەرزلىرى ........ 29

تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى ........ 30

غۇسۇل تاھارەتنىڭ پەرزلىرى ........ 30

نامازنىڭ پەرزلىرى ........ 30

ئەمرىمەرۇف - نەھيىمۇنكەر ئىككى پەرزدۇر ........ 31

ئاياللار ئۆزىنىڭ ھەيز مۇددىتىنى بىلىشى پەرزدۇر ........ 32

ئاياللار ئۆزىنىڭ نىفاسدارلىق مۇددىتىنى بىلىشى پەرزدۇر ........ 32

**ئوتتۇز ئىككى پەرزنىڭ بايانى** ........ 33

غۇسۇل تاھارەت ئېلىش پەرز بولىدىغان ئىشلار 33
ئىستىنجا قىلىش پەرز بولىدىغان ئىشلار 33
مېيىت نامىزىنىڭ پەرزلىرى 33
روزىنىڭ پەرزلىرى 34
ئەۋرەتنى يېپىشنىڭ پەرزلىكى 34
زاكاتنىڭ شەرتلىرى 34
يېمەك - ئىچمەكنىڭ پەرزلىرى 36
**ئىماننىڭ شەرتلىرى** 37
**نامازنىڭ ۋاجىپلىرى** 38
سەۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىپ بولىدىغان ھالەتلەر 39
ناماز ئىچىدىكى پەرزلىكىدە ئىختىلاپ قىلىنغان ئىشلار 40


بىرىنچى باب


**نامازنىڭ پەرزلىرىنىڭ بايانى** 45
نامازنىڭ پەرزلىرى 45


ئىككىنچى باب


**نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ بايانى** 47


ئۈچىنچى باب


**نامازنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ بايانى** 49


تۆتىنچى باب


**نامازنىڭ مۇستەھەپلىرىنىڭ بايانى** 53

بەشىنچى باب
نامازدا ھارام بولغان ئىشلارنىڭ بايانى ........ 56
ئالتىنچى باب
نامازدىكى مەكرۇھلارنىڭ بايانى ........ 57
يەتتىنچى باب
نامازدىكى مۇباھلارنىڭ بايانى ........ 66
سەككىزىنچى باب
نامازنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ بايانى ........ 68
ئىككى رەكەت نامازنى ئۆلچەملىك ئوقۇش ئۇسۇللىرى ........ 70
پەرز نامازلاردىن كېيىن ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر ........ 77
ۋىتىر نامىزىدا ئوقۇلىدىغان قۇنۇت دۇئاسى ........ 78
سۈترە مەسىلىسى ........ 79
نامازغا ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە ........ 82
تەرجىماندىن ئىلاۋە ........ 85
كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ........ 93

بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله رب العلمين والعاقبة للمتقين والصلاة والسلام على رسوله محمد وآله وأصحابه أجمعين.

## كىتاب ھەققىدە

بۇ كىتاب بۈنىڭدىن 41 يىل ئىلگىرى مۇھەممەد قاسىم مۇھەممەد سىدىق قاراقاشىي ئىسىملىك ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، سەئۇدىي ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىدە سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئابدۇساتتار تۈركىستانىي ئىسىملىك خەيرسۆيەر كىشى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابتا ئەقىدە، ئىمان ۋە ئىسلامنىڭ بەش ئەركانى؛ نامازنىڭ پەرز، ۋاجىپ، سۈننەت ۋە مۇستەھەبلىرى؛ نامازدا ھارام، مەكرۇھ ۋە مۇباھ قىلىنغان ئىشلار؛ نامازنى بۇزغۇچى ئامىللار؛ تاھارەتنىڭ پەرز ۋە سۈننەتلىرى؛ غۇسۇل قىلىش، تاھارەت ئېلىش ۋە تەيەممۇم قىلىش ئۇسۇللىرى قاتارلىق ھەربىر مۇسۇلمان كۈندىلىك ئەمەل-ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشتا بىلمىسە بولمايدىغان مۇھىم مەسىلىلەر ناھايىتى ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كىتاب ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى مەدرىسىلىرىدە ئۆگىتىلىپ

كەلگەن بولۇپ، ئۇنى باشلانغۇچ سەۋىيەدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇقەددەس دىنىمىزنى ئانا تىلىمىزدا ئۆگىنىشىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان كىتابلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ كىتاب ئەسلىدە چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئەرەبچە، پارسچە ۋە ئۆزبېكچە سۆزلەر كۆپ ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ھازىرقى زامان ياش - ئۆسمۈرلىرىنىڭ بۇ خىل يېزىقنى ئوقۇپ چۈشىنىشى ناھايىتى تەسكە توختايدۇ. شۇنداقتىمۇ، بۇ كىتاب ئىنتايىن ئىخچام، چۈشىنىشلىك، مول مەزمۇنلۇق كىتاب بولغاچقا، ھېلىھەم يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. مەن بۇرۇنقى قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش مەقسىتىدە كىتابنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنى ئاساس قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئايلاندۇرۇپ چىقتىم. مۇھىم دەپ قارالغان جايلىرىغا تىرناق ئىچىدە ئىزاھات بېرىپ، تەكرار بولۇپ قالغان يەرلىرىنى ئىخچاملاپ، قىسمەن جايلىرىنى رەتلىدىم.

**قىسقارتىلغان سۆزلەر:**

«س» سوئالنى، «ج» جاۋابنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھتىن بۇ كىتابنى قىيامەتكىچە مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشنى تىلەيمەن. ئامىن!

ھۆرمەت بىلەن: ئەبۇ ئالىيە

1443 .06.06 ھىجرىيە

# مۇھەممەد قاسىم داموللام

يىتۇك ئالىم، تالانتلىق شائىر مۇھەممەد قاسىم داموللام (ھەسرەتى) مۇھەممەد سىددىق ئىبنى ئەمىن قارى ئەلەمئاخۇنۇم قاراقاشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، بوۋىسى ئەمىن قارى ئەلەمئاخۇنۇم ئەينى زاماندىكى خوتەننىڭ داڭلىق ئۆلىمالىرىدىن ئىدى. ئۇ كىشىنىڭ قولىدا يۈزلىگەن تالىپلار ئوقۇپ يېتىشىپ چىققان. مۇھەممەد قاسىم داموللام خوتەننىڭ قاراقاش دەرياسى بويىغا جايلاشقان جاغلىغا كەنتىدە 1907 - يىلى (ھىجرىيە 1325 - يىلى) دۇنياغا كەلگەن. دەسلەپتە، چوڭ ئانىسى نەبىرە خېنىمنىڭ تەربىيەسىدە چوڭ بولۇپ، كېيىن يەتتە يېشىدا قاراقاشقا قايتۇرۇپ كېلىنىپ، شۇ يەردە دىنىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بېرىلگەن. بۇ جەرياندا ئەھلى تەسەۋۋۇپ ئەلى مەردان ھەزرەت دېگەن كىشىنىڭ تەسىرىدە مەلۇم دەرىجىدە تەسەۋۋۇپ ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. 1926 - يىلى تاغىسىنىڭ قىزى رۇقىيە خېنىمغا ئۆيلەنگەن. بىراق، بىر يىلدىن كېيىن شائىرنىڭ قەلب سىردىشى بولغان ئايالى ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ۋاپادار ھەمراھىدىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ، ئېغىر روھىي زەربىگە ئۇچرىغان شائىر يۇرتىنى تاشلاپ قەشقەرگە چىقىپ كەتكەن. قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، كونا شەھەردىكى چاھارسۇ مەدرىسىسىگە ئورۇنلىشىپ، شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرىدىن

مەھمۇد ئاخۇن داموللام[1]، ھاشىم ئاخۇن داموللام[2]، شەمسىددىن داموللاملارنىڭ[3] قولىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. قەشقەردىكى

[1] مەھمۇد ئاخۇن داموللام: 1869 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان، كىچىكىدىنلا ئىلىمگە ئىشتىياق باغلاپ قەشقەردىكى ئۇستازلاردا ئىلىم تەھسىل قىلغان، 1894 - يىلىدىن 1901 - يىلىغىچە بۇخاراغا بېرىپ ھەرقايسى پەنلەر بويىچە بىلىم ئاشۇرۇپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى داڭلىق ئالىم، مەشھۇر فىقھشۇناس بولۇپ، ئۆمۈر بويى مۇدەررىسلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇنلىغان كاتتا ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

[2] ھاشىم ئاخۇن داموللامنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى قاسىم ئاخۇن ناۋاي بولۇپ، مىلادىيە 1887 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن مەھمۇد ئاخۇن داموللام، شەمسىددىن داموللام، ئابدۇلقادىر داموللام قاتارلىق ئۇلۇغ ئۇستازلىرى بىلەن مۇدەررىسلىك ھاياتىنى باشلىغان. كېيىن شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، باش رەئىس، شەيخۇلئىسلام قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. مەسئۇد سەبرى ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە شەرقىي تۈركىستان مىقياسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ باش ۋەكىلى بولغان. ئۇ فىقھى، ھەدىس، قىرائەت ئىلىملىرىدە كامالەتكە يەتكەن. ئىزچىل مۇدەررىسلىك قىلغان. ئوقۇتۇش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، ئەسەر يېزىپ قالدۇرالمىغان ئىدى. 1947 - يىلى ئايالى ۋە ھارۇن، ئەمىن ئىسىملىك ئىككى ئوغلى بىلەن ھەجگە كېلىپ، شۇ يىلى شابان ئېيىدا مەدىنەدە ۋاپات بولغان ۋە بەقىئ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

[3] شەمسىددىن داموللام (1881 - 1938) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ئارتۇش ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئاشلىق ۋە چارۋا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ، چوڭ كۆلەملىك دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئورمانلىقى بار ئىدى. ئۇ دەسلەپكى ئىلىملەرنى ئارتۇشتىكى ئۇستازلاردا ئوقۇغاندىن كېيىن ئوتتۇرا ۋە ئالىي مائارىپنى قەشقەردىكى داڭلىق مەدرىسىلەردە يۇقىرى نەتىجە بىلەن تاماملىغان. بۇ 1913 - يىللارغا توغرا كېلەتتى. شەمسىددىن داموللام يەنە بۇخارا، سەمەرقەنت ۋە تاشكەنت قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ساۋاقدىشى ۋە ھەمراھى سابىت داموللام بىلەن بۇخارادا ھەر قايسى پەنلەر بويىچە بىر قانچە يىل بىلىم ئاشۇرۇپ، ئۇستازلىرىدىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن داموللا ئۇنۋانى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ۋە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇدەررىسلىك قىلىشقا باشلىغان. ئۇ خۇشخۇي،

مەدرىسىدە ئابدۇلغەنىي ئاخۇن داموللام، ئەمىر نۇر ئەھمەدخان بىلەن ساۋاقداش ئوقۇغان. شائىرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى شۇ چاغدىلا باشلانغان بولۇپ، بۇنىڭغا نۇرئەھمەدخان ئىنىتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. شائىر شېئىر ئىلمىنى نۇر ئەھمەدخاندىن ئۆگەنگەنلىكى ھەققىدە مۇنداق يازغان:

*رەھبەر ئىدى ماڭا ھەر ئىشتا ئول يار،*
*ھاسىل ئەتتىم ئۇنىڭدىن ئىلمى ئەشئار.*

شائىر قەشقەردە ئوقۇۋاتقان يىللىرى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا[1] (ئەينى زاماندا مۇھەممەد ئەمىن داموللام

چاقچاقچى، تۈرۈپلا شېئىر توقۇيالايدىغان، دىنىي ۋە پەننىي ئىلىملەرگە ئەھمىيەت بېرىدىغان، پىكرى ئىلغار، كۆپ ئىقتىدارلىق، تالانتلىق ئالىم ئىدى. ئۇ ئۆمرىدە ئىماملىق، خەتىبلىك، دەۋەت، مۇدەررىسلىك قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا يەنە 1933 - يىلى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، مەركىت ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى ۋە باش مۇپەتتىشى بولۇپ ئىشلىگەن. 1934 - يىلى جۇمھۇرىيەت يىقىلغاندىن كېيىن، سىياسىي ۋەزىيەت ناچارلىشىپ «كالتا يايلاق» ئىسىملىك بىر يېزىدا 1936 - يىلغىچە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان. شارائىتنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن سالامەتلىكى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ بىر قانچە خىل كېسەلنىڭ ئاسارىتىدە كۆپ قىينالغان. 1938 - يىلىنىڭ بېشىدا ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خەۋەر تېپىشى بىلەن ئارتۇشقا ئېلىپ كېلىنىپ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىنغان بولسىمۇ، ئەپسۇس، بىر قانچە ئايدىن كېيىن كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئۇ شۇ چاغدا ئەمدىلا ئەللىك يېشىدا ئىدى.

[1] مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا (1901 - 1965)شەرقى تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ئاتاقلىق رەھبەرلىرىدىن بىرى، خوتەن ئىنقىلابىنىڭ باش قوماندانى، ئاتاقلىق دىنى ئالىم. 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سابىت داموللام بىلەن ئۆز ئادەملىرىنى ئوۋ مىلتىقى، قىلىچ، چوماق قاتارلىق

ۋە مۇھەممەد ئەمىن ھەزرىتىم دەپ ئاتىلاتتى) 1922 - يىللىرى مەدرىسە ئىلىم تەھسىلىنى تاماملاپ، قاراقاش ئويباغ مەدرىسىسىگە مۇدەررىس بولغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن تالىپلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقنىڭ تەقدىرىدىن قايغۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزىدىغان ئازادلىق يولى ھەققىدە ئىزدىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، مەلۇم كىشىلەر بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۆزى بىلەن پىكىرداش كىشىلەرگە ئۆيىنى بىلدۈرىدۇ. بولۇپمۇ، غۇلجىدا ئاتاقلىق دىنىي ئالىم ۋە سىياسىي ئەرباب سابىت داموللام بىلەن تونۇشۇپ، مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق مەلۇم ئىشلارنى قارار قىلىشىدۇ. نەتىجىدە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا خوتەنگە، سابىت داموللام چەت ئەلگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا خوتەنگە يېتىپ كېلىپلا تەشكىلات قۇرۇشنى ئويلىشىدۇ ۋە مەلۇم ھازىرلىقلارنى پۈتتۈرىدۇ.

بۇلار خوتەننىڭ شۇ چاغدىكى ئېغىر ۋەزىيىتىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ روھى ھالىتىنى ۋە قوراللىق ئىنقىلابنىڭ ۋاقتى كېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان زىيالىيلار قاتلىمىدىكى ئۆلىمالاردىن

---

قورال بىلەن قوراللىنىدۇرۇپ قاراقاش ناھىيىسىدىكى خىتاي يامۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، چاقماق تېزلىكىدە غەلىبە قازانغان. نەتىجىدە 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خوتەندە «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇلغان. بۇ ھۆكۈمەتكە مۇھەممەت نىياز ئەلەم دېگەن كىشى دىنىي داھىي، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا باش قوماندان، سابىت دەموللام ئالىي مەسلىھەتچى، سۇپۇرگە ھاجىم مەسلىھەتچى، قۇربان ھاجىم ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ سايلانغان. بۇ تارىختىن باشلاپ، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا «ئەمىر ھەزرىتىم» ئۇنۋانى بىلەن، چەت ئەلدە بولسا «خوتەن ئەمىرى» دەپ تونۇلغان.

ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا 1932 - يىلى 9 - ئايدىلا تەشكىلات قۇرۇش ئىشىنى باشلىۋېتىدۇ. بۇ چاغدا سابىت داموللامۇ ئالدىن كېلىشكىنى بويىچە چەت ئەلدىن ئۇدۇل خوتەنگە كېلىپ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن ئۇچرىشىدۇ. پۇختا تەييارلىقلاردىن كېيىن 1933 - يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تەشكىلات ئەزالىرى ۋەكىللەر مەجلىسى ئېچىپ، مۇھەممەد نىياز ئەلەمئاخۇنۇمنى[1] باش قىلىپ، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بەيئەت

---

[1] مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم 1932_ خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بولغان شەخستۇر. ئۇ 1863 - يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە ئىلىم - مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، كىچىكىدىن دىنىي ئوقۇشقا كىرىشكەن. ئاۋۋال دادىسىدا، ئاندىن قاراقاش ۋە خوتەننىڭ داڭلىق ئۆلىمالىرىدا ئوقۇپ دىنىي ئىلىملەردە ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق يېتىشكەن ۋە شۇ زامانىنىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىغا ئايلانغان. 1907 - يىلى قاراقاش مەدرەسىسىگە مۇدەررىس بولۇپ تەيىنلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1932 - يىلى خوتەندە مىللىي ئىنقىلاب پارتلاپ "خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى" قۇرۇلغاندا، مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم مەزكۇر ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ "مەلىك ھەزرەت" دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشىدۇ. كېيىنچە ئىنقىلاب مەغلۇب بولۇپ، خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى تۈنگانلارنىڭ قولىدا يىقىلغاندىن كېيىن، 1943 - يىلى خوتەن ئىنقىلابچىلىرى ھىندىستانغا ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغان. لېكىن مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم دوستى ئابدۇلجېلىل داموللام بىلەن ئانا ۋەتەندە قېلىشنى تاللىغان. 1937 - يىلى شىڭشىسەي ھاكىمىيىتى تۈنگانلارنى قوغلاپ چىقىرىپ خوتەننى بويسۇندۇرغاندا، خوتەندىكى ئىسلام ھاكىمىيىتى ۋە مەھكىمە شەرئىيە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان ۋە دىنىي ئالىملار، ۋەتەنپەرۋەر كىشىلەر تەقىبلىنىشكە باشلىغان. بۇ چاغدا مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم يوشۇرۇنچە كەشمىرگە ھىجرەت قىلغان. 1938 - يىلى كەشمىردىن ئايرىلىپ مىڭ بىر جاپادا سەئۇدى ئەرەبىستانغا يېتىپ كېلىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە تۇرغان. 1939 - يىلى ۋاپات بولۇپ، پەيغەمبەر مەسجىدىنىڭ يېنىدىكى " بەقىئ" قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

قىلىدۇ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا باش قوماندان بولۇپ، پۈتۈن ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئەسكەر تەشكىللەش، ئۇرۇش پىلانى تۈزۈش، ئەسكەرلەرنى قوراللاندۇرۇش، ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى تەقلەش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. سابىت داموللام باش مەسلىھەتچى، دىنىي ئىشلار نازىرى يەنى شەيخۇلئىسلام ۋە مائارىپ، ئەدلىيە، دەۋەت - تەشۋىقات ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ھەققىدە سۆز قىلىپ: ئەل - يۇرتتىكى زۇلۇم - ستەملەرنىڭ چەكتىن ئېشىپ، خەلق ئىچىدىكى نارازىلىق كەيپىياتىنىڭ كۈنسېرى ئەۋج ئېلىۋاتقانلىقى؛ چىرىك ھۆكۈمەتنىڭ بارغانسېرى ۋەھشىيلىشىپ، پىچاقنىڭ سۆڭەككە يەتكەنلىكى، قوزغىلاڭنىڭ خەلقنىڭ غەزىپى تېشىپ تۇرغان مۇشۇنداق پەيتتە قوزغالسا، چوقۇم غەلىبە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ مۇجاھىدلارنى ئىشەنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ؛ ئىشتىراكچىلار قۇرئان تۇتۇپ قەسەمياد قىلىشىپ، مەجلىس ئاخىرلىشىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسى تىكلىنىدۇ.

تەشكىلات قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ھازىرلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، 1933 - يىلى 2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا باشچىلىقىدا 86 كىشى قاراقاش دوتەي يامۇلىغا ھۇجۇم قىلىپ، شۇ كۈنى قاراقاشنى پەتھى قىلىدۇ. ئارقا - ئارقىدىن باشقا ناھىيەلەرمۇ پەتھى بولۇپ، نىيىدىن يەكەنگە قەدەر بولغان جايلار خوتەن ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولىدۇ. بۇ ھۆكۈمەت تارىختا «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» دەپ يادلىنىدۇ. مۇھەممەد قاسىم داموللام قاراقاشتا جىھاد ھەرىكىتى باشلانغانلىقنى ئاڭلاپ، ئوقۇشىنى توختىتىپ،

دەرھال قاراقاشقا يېتىپ كېلىپ، مۇھەممەد ئەمىن ھەزرىتىم، سابىت داموللام[1]، سىبغەتۇللاھ مەۋلىۋى، 1939 ـ يىلى مەدىنىدە

[1] سابىت ئابدۇلباقى 1883 ـ يىلى ئاتۇش ئازاقتا توغۇلغان. باشلانغۇچ دىنىي تەربىيىنى ئازاقتا چوڭ ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن كىشىدىن ئالغان. كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1910 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام ھەم مامۇت ئاخۇند داموللاملارنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن، بۇخاراغا بېرىپ يۇقىرى مەلۇمات ئالغان. 1914 ـ يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ ۋەتەنگە قايتقان. 1924 ـ يىلى ئابدۇقادىر داموللام سۇيىقەستكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، سۇيىقەستچىلەرنىڭ نىشانى سابىت داموللامغا مەركەزلەشكەن. بۇنى سەزگەن سابىت داموللام 1925 ـ يىلى ھەجگە بېرىش باھانىسى بىلەن ئىلىغا چىققان. سابىت داموللام دىنىي ئىلىملەردىمۇ تۈركچە، ئەرەبچە، پارسچە ئەدەبىياتنىڭ پۈتكۈل تۈرلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولغاچقا، مەزكۇر تىللاردا بەزىدە نەسرىي، بەزىدە نەزمىي ئۇسلۇبتا سۆزلەش، يېزىش كامالىتىگە يەتكەن. ئۇ 1927 ـ يىلىدىن باشلاپ، غۇلجا شەھرى دەڭ مەسچىتىدە «قۇرئان كەرىم»نى ئۈچ يىل بويىچە ئاغزاكى تەرجىمە قىلغان. 1930 ـ يىلى غۇلجىدا، چۆچەكتىكى مۇرات ئەپەندىدىن تەلىم ئېلىش باھانىسى بىلەن ۋەزىيەتنى كۆزەتكىلى چىققان خوتەن قاراقاشلىق مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن پىكىرلەشكەن. ئۇ شۇ يىلى كۈزدە قەشقەر ۋە ئاتۇشتىن چىققان شەمشىدىن داموللا، ياقۇپ ھاجى قاتارلىق يۈزدەك كىشى بىلەن بىرلىكتە ئون نەچچە ياشلىق ئوغلى ئابدۇللانى ئېلىپ ھەجگە ماڭغان. 1931 ـ يىلى باھاردا، ھەج تاۋابىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىلمىي زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش، ئۆگىنىش ۋە ئىلمىي سۆھبەتلەرنى ئېلىپ بارغان. تۈركىيىدە ئىلمىي زىيارەتتە بولۇۋاتقان چېغىدا، مىسىردا دۇنيا ئىسلام ئالىملىرى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، يىغىنغا ئۈلگۈرۈپ قاھىرەگە بارغان. سابىت داموللام 1932 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قاغىلىققا يېتىپ كەلگەن، ئاندىن ئۇدۇل خوتەنگە بارغان. 1933 ـ يىلى 24 ـ فېۋرال، قاراقاشتا قوزغىلاڭ پارتلىغان. 1933 ـ يىلى ئاپرېلغىچە خوتەن تەۋەسى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قولىغا ئۆتكەن. 5 ـ ئاپرېلدا «خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى» قۇرۇلغان. سابىت داموللام قوزغىلاڭ جەريانىدا، يەكەن قوزغىلاڭچىلىرى بىلەن خوتەن قوزغىلاڭچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراشتۇرغان. 15 ـ

ۋاپات بولغان مۇھەممەد نىياز ئەلەمئاخۇنۇم (مەلىك ھەزرىتىم)، شاھ مەنسۇر، ئەمىر ساھىب (نۇر ئەھمەدخان) قاتارلىقلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، ئاكتىپ ھالدا جىھادقا ئىشتىراك قىلىدۇ ۋە

---

ئاۋغۇست سابىت داموللام قەشقەر شەھىرىدە خوتەن ھۆكۈمىتىنىڭ قەشقەر ئىش باشقۇرۇش ئىدارىسىنى قۇرغان. 10 - سىنتەبىر بۇ ئىدارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق جەمئىيىتى»نى قۇرغان. ئىككى ئايلىق پۇختا تەييارلىق خىزمىتىدىن كېيىن، 1933 - يىل 12 - نويابىر قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلۇپ، كۆنچى مەھەللىسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا بايراق چىقىرىلىدۇ. بۇ بايراق ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئىدى. بايراق چىقىرىلىپ، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلاش چوڭ يىغىنىدا، ھۆكۈمەت تەشكىلىي ئاپپاراتى، ئاساسىي قانۇن ۋە دۆلەت مارشى ئېلان قىلىندى. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ستالىن ھۆكۈمىتى بىلەن شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغان. خوجىنىياز ھاجى ستالىن ھۆكۈمىتىنىڭ تەلىپىگە كۆنگەن ھەمدە سابىت دامولام قاتارلىق كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ، شېڭ شىسەيگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان. 1934 - يىلى ئاپرېلدا، خوجىنىياز ھاجى يەكەندە زىرىپ قارى ھاجى، شەمشىدىن دامولا، ئابلاخان سۇلتانبەگ قاتارلىق تۆت كىشىنى نەزەربەند قىلغان. ئاپرېلنىڭ 13 - كۈنى، مەھمۇد مۇھىتى قول ئاستىدىكى غوپۇر تۈەنجاڭنى قاغىلىققا ئەۋەتىپ، سابىت دامولامنى قولغا ئالغان. خوجىنىياز ھاجى سابىت دامولام بىلەن زىرىپ قارى ھاجىنى ئاقسۇغا يالاپ ئېلىپ كېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ ئاقسۇدىكى قىسىملىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. سابىت دامولام 1934 - يىلى شېڭ شىسەينىڭ ئۈرۈمچىدىكى تۈرمىسىگە قامالغان. 1940 - يىلى ئۈرۈمچى ئىككىنچى تۈرمىنىڭ باشلىقى لۇ بىندى ئىسىملىك خۇيزۇ سابىت دامولام بىلەن تونۇشۇپ قالغان. لۇ بىندى سابىت دامولامنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۇنىڭغا «قۇرئان كەرىم» بىلەن قەغەز - قەلەم ئەكىرىپ بەرگەن ھەمدە سابىت دامولامنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلاپ بەرگەن. شۇ كۈندىن باشلاپ، سابىت دامولام «قۇرئان كەرىم»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە - تەفسىر قىلىشقا كىرىشكەن ۋە ئون ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا تەرجىمە - تەفسىرنى تولۇق تاماملىغان. سابىت دامولام تەرجىمە خىزمىتىنى تۈگىتىپ كۆپ ئۆتمەي، يەنى 1941 - يىلى 58 يېشىدا، شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان.

خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ۋەزىرى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن كىرىم ـ چىقىم ئىشلىرىنى باشقۇردى. بۇ ھۆكۈمەت 1934 ـ يىلى تۇڭگانلار تەرىپىدىن قانلىق باستۇرۇلۇپ، شۇ يىلى 7 ـ ئايدا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھىندىستانغا ھىجرەت قىلغانغا قەدەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزدى.

بۇ جەرياندا مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنى قۇللۇقتىن قۇتقۇزۇپ، ئەبەدىي بەخت ـ سائادەتكە، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن قولىغا قورال ئېلىپ، دۈشمەنگە قارشى جىھاد ھەرىكىتىنى باشلايدۇ. دەسلەپكى قەدەمدە خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ؛ قۇمۇل، تۇرپان، قەشقەر ۋە باشقا جايلاردىكى مىللىي ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىشىپ؛ پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننى ئازاد قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈشنىڭ قەدىمىنى باسىدۇ. مۇھەممەد ئەمىن داموللام بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن خىتاي ھاكىمىيىتى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن مۇناپىق تۇڭگانلار بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشىدۇ. 1934ـ يىلى 1ـ ئايدا يېڭىساردا تۇڭگانلار بىلەن بولغان جەڭدە ئىككى ئىنىسى ئەمىر ئابدۇللاھ ۋە ئەمىر نۇرئەھمەدلەردىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خوتەن ھۆكۈمىتى قۇمۇل مىللىي ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى خوجا نىياز ھاجىمغا ئەسكىرىي ۋە ماددىي ياردەم بېرىشنى، يەنە قەشقەر يېڭى شەھەردىكى ماجەنساڭ باشچىلىقىدىكى تۇڭگانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن قەشقەر ھۆكۈمىتىگە ياردەم قىلىشنى زىممىسىگە يۈكلەنگەن مىللىي ۋەزىپە دەپ بىلىپ، ئىنقىلاب رەھبەرلىرى

بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننى تولۇق ئازاد قىلىپ، ئاندىن مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، 1934 - يىلى خوتەن ھۆكۈمىتى خوجا نىياز ھاجىمغا بىر ھەيئەت ئەۋەتىپ، ئۇنى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاننىڭ رەئىسى دەپ تونۇغانلىقىنى رەسمىي بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەزكۇر ھەيئەت بىلەن 399 سەر ئالتۇن (7 كىلو 200 گىرام ساپ ئالتۇن) ئەۋەتىدۇ. ئاندىن خوتەن ھۆكۈمىتى چەت ئەل ھۆكۈمەتلىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلىپ، بۇ ھەقتە ھىندىستان ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە تۇتقان بىتەرەپ تۇرۇش سىياسىتىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىن، قۇربانىللاھ داموللام بىلەن مىيان ھەسەنخانلارنى خوتەن ھۆكۈمىتى نامىدىن غەيرىي رەسمىي ھەيئەت سۈپىتىدە ئافغانىستانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتىدۇ. ئۇلار ئافغانىستانغا بارغاندا ئافغانىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قىزغىن قارشى ئېلىنغان بولسىمۇ، بىرەر جاۋاب ئېلىپ قايتىپ بولغۇچە خوتەن ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلۇپ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرامۇ ۋەتەندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. شائىر مۇھەممەد قاسىم داموللامۇ مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن بىللە ۋەتەندىن ئايرىلىپ كەشمىرگە كېلىدۇ ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ شائىرنىڭ سەرگەردانلىق ھاياتى باشلىنىدۇ. كەشمىرگە كەلگەندىن كېيىن، 1939 - يىلى «تۈركىستان مۇھاجىرلار جەمئىيىتى»نى قۇرۇپ، رەئىسلىكىگە سايلىنىدۇ ۋە پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، كېچە - كۈندۈز خەلقىنىڭ خىزمىتى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇ جەمئىيەت شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئىشىنى تەشكىللىك ۋە

تەرتىپلىك ھالدا ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇھەممەد قاسىم داموللام جەمئىيەتتىكى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغاندىن سىرت، ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى جامائەتكە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردىن ۋەز ـ تەبلىغ، ئەمرىمەرۇپ قىلىپ تۇردۇ. تاكى 1942 ـ يىلى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا نەنجىڭغا كەتكەنگە قەدەر مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلدۇ.

1949 ـ يىلى قىزىل خىتاي كوممۇنىست ئارمىيەسى شەرقىي تۈركىستانغا بېسىپ كىرىش ئالدىدا، ئىككىنچى قېتىم ۋەتەندىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغان مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە ئىيسا يۇسۇف ئالىپتېكىن باشچىلىقىدىكى يۈزلىگەن كىشىلەرنى كەشمىردە كۈتۈۋالدۇ. مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ۋە ئىيسا يۇسۇف ئالىپتېكىن باشچىلىقىدىكى كىشىلەر ئىككىنچى قېتىم كەشمىرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد قاسىم داموللام بىلەن مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا ھەزرىتىم يەنە بىر سەپتە تۇرۇپ كېچە ـ كۈندۈز ۋەتەن دەۋاسى بىلەن مەشغۇل بولدۇ. 1950 ـ يىلى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىپ، ئۇ يەردىن مىسىرغا بېرىپ زىيارەتتە بولغاندىن كېيىن يەنە كەشمىرگە قايتىپ كېلىدۇ. شائىر بۇ مەزگىلدە ئانا ۋەتىنىگە بولغان ساپ مۇھەببىتى، خالىس ئەقىدىسىنى كۈيلەپ كۆپلىگەن شېئىر ۋە داستانلارنى يېزىپ، «نىجات يولى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ چىققان ۋە مەرھۇم مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ كېيىنكى قىسمىنى «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئىنقىلاب تارىخى»نى نەشر قىلدۇردۇ. 1968 ـ يىلى سەئۇدىي ئەرەبىستانغا بېرىپ، ئىككى

يىلغا يېقىن تۇرۇپ، ھەج قىلىپ يەنە كەشمىرگە قايتىپ كېلىدۇ. كەشمىردە توققۇز يىل تۇرغاندىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستان ئارقىلىق تۈركىيىگە كېلىپ، ئىيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەپەندى بىلەن ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان نەشرىيات مەركىزىدە ۋەتەن دەۋاسى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. 1982 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ ئورۇنلىشىدۇ. مۇھەممەد قاسىم داموللام سەرگەردانلىق ھاياتىدا يازغان شېئىر ۋە داستانلىرىنى توپلاپ «نىجات يولى» دېگەن ئىسىم بىلەن بىرىنچى قېتىم 1951 - يىلى كەشمىردە، ئىككىنچى قېتىم 1981 - يىلى ئىستانبۇلدا ئۆز خىراجىتى بىلەن باستۇرۇپ تارقىتىدۇ. بۇ كىتاب 2000 - يىلى ئىستانبۇلدا قايتا نەشر قىلىنىدۇ.

مۇھەممەد قاسىم داموللامنىڭ 1940 - يىللىرى كەشمىردە يازغان «پەرز ئەين» ناملىق ناماز مەسىلىلىرىگە بېغىشلاپ يازغان بۇ رىسالىسى كەشمىر، شاڭخەي، سەئۇدىي ئەرەبىستان قاتارلىق جايلاردا قايتا - قايتا نەشر قىلىنغان ۋە خوتەندە ئۇزۇن يىل دىنىي ئوقۇشلۇق كىتابى بولۇپ كەلگەن. مۇھەممەد قاسىم داموللام ئەرەب، فارس، ئۇردۇ تىللىرىنى پىششىق بىلسىمۇ، كىتابلىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا يازغان. ۋەتەندىن ئايرىلىپ، ئۇزۇن يىل سەرگەردانلىقتا ياشاپ، ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بۇ كىشى بىر شېئىرىدا ئاسارەت ئاستىدا قالغان ئىنسانلارنىڭ ھەرقانچە راھەت - پاراغەتتە ياشىغىنىدىن ھەتتا قارۇندەك باي بولۇپ كەتكىنىدىنمۇ يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىشىنىڭ تېخىمۇ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى؛ ئاسارەت ئاستىدا تۇرۇپمۇ بارغا قانائەت قىلىپ، شۈكۈرۋازلىقنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ خېنىم مىجەز كىشىلەر ئىكەنلىكىنى

مۇنداق خۇلاسىلەيدۇ:

*ئۆلۈم ياخشى ئاسارەت ئاستىدا ئىززەتتە بولغاندىن،*
*ۋە يا باغۇچىمەنلەر ئىچرە كۆپ راھەتتە بولغاندىن،*
*ۋە يا مەھبۇبلەر قۇچاقىدا ئىشرەتتە بولغاندىن،*
*ۋە يا قارۇن كەبى دۇنيا تېپىپ سەرۋەتتە بولغاندىن،*
*مۇخەننەسلەرگە كاپىي گەر بولسا ئاش ئىلە نانلار.*

ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، جامائەت ئەربابى ۋە مىللىي مۇجاھىد مۇھەممەد قاسىم داموللام ھىجرىيە 1405 ـ يىلى رامىزان ئېيىنىڭ 8 ـ كۈنى، مىلادىيە 1985 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ تائىف شەھرىدە ئالەمدىن ئۆتتۈپ، ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.[1]

[1] ئابدۇجېلىل تۇراننىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن ئېلىندى.

# ئاللاھنى تونۇش

**1. س: سىز كىمنىڭ بەندىسى؟**

ج: مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى.

**2. س: ئاللاھنى تونۇمسىز؟**

ج: «ئەلھەمدۇلىللاھ» تونۇيمەن.

**3. س: ئاللاھنى قانداق تونۇيسىز؟**

ج: ئاللاھنىڭ ھېچقانداق تەڭدىشى ۋە ئوخشىشى يوق، ئۇنىڭ پادىشاھلىقى مەڭگۈ يوقالمايدۇ، ئەبەدىلئەبەد داۋاملىشىدۇ، ھەر دائىم باردۇر. ئۇ خالىغان ئىشنى قىلغۇچىدۇر، دەپ تونۇيمەن.

**4. س: ئاللاھنى قانچە سۈپىتى بىلەن تونۇيسىز؟**

ج. ئاللاھنى 10 سۈپەت بىلەن تونۇيمەن.

**5. س: ئون سۈپەت قايىسلار؟**

ج: بىرىنچى سۈپىتى ئاللاھ تائالا «الـحَيُّ / ئەلھەييۇ ھايات»تۇر يەنى ئاللاھ تائالا تىرىكتۇر، تىرىكلىكى (باشقا مەخلۇقاتلارغا ئوخشاش) جىسىم ۋە جان بىلەن ئەمەس، ئۆزىگە خاس ھايات سۈپىتى بىلەن تىرىكتۇر، ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.

ئىككىنچى سۈپىتى «الـكَلاَمُ / ئەلـكالام كالام» دۇر يەنـى ئاللاھ تائـالا سـۆزلىگۈچىدۇر. سۆزلىشى تـىل ۋە ئېغـىز بىلـەن ئەمـەس، ئۆزىـگـە خـاس كالام سـۈپىتى بىلـەن سـۆزلىگۈچىدۇر.

ئۈچىنچى سـۈپىتى «العَلِيْـمُ / ئەلئەلىيمۇ بىلگۈچى» دۇر يەنـى ئاللاھ تائـالا ئىلىم سـۈپىتى بىلـەن ھەرقانداق نەرسـىنى ئەزەلدىن بىلگۈچىدۇر.

تۆتىنچى سـۈپىتى «القَدِيْـرُ / ئەلقەدىـير قادىـر بولغۇچـى» دۇر يەنـى ئاللاھ تائـالا كامالـى قۇدرىتـى بىلـەن ھەرقانـداق ئىشنى قىلىشـقا قادىـردۇر.

بەشـىنچى سـۈپىتى «السَـمِيْعُ / ئەسسـەمىيئۇ ئاڭلىغۇچـى» دۇر يەنـى ئاللاھ تائالا ئاڭلىغۇچىدۇر، ئاڭلىشـى قـۇلاق بىلەن ئەمەس، ئۆزىـگـە خـاس ئـاڭلاش سـۈپىتى بىلـەن ئاڭلىغۇچىدۇر.

ئالتىنچـى سـۈپىتى «البَصِـيْرُ / ئەلبەسـىيرۇ كۆرگۈچـى» دۇر يەنـى ئاللاھ تائـالا كۆرگۈچـىدۇر، كۆرۈشـى كـۆز بىلـەن ئەمـەس، «ئەلبەسـىير» سـۈپىتى بىلـەن كۆرگۈچـىدۇر.

يەتتىنچى سـۈپىتى «التَكْوِيـنُ / ئەتتەكۋىـن» دۇر يەنـى ئاللاھ تائـالا بارچـە نەرسـىلەرنى ياراتقۇچـىدۇر ۋە بارلـىق جانلىقلارغا رىزىـق بەرگۈچـىدۇر.

سـەككىزىنچى سـۈپىتى «الإرادة / ئەلئىـرادە» دۇر يەنـى ھەرقانـداق ئىـش ـ ھەرىكەت ئاللاھنىڭ ئەمرى ـ خاھىشى بىلەن بولغۇچـىدۇر.

توققۇزىنچى سـۈپىتى «السـلبية / ئەسسـەلبىيە» دۇر يەنى ئاللاھ تائـالادا ھېچقانـداق ئەيىب ـ نۇقسـان يوقتۇر.

ئۈچىنچى سۈپىتى «المُنَزَّهُ / ئەلمۇنەززەھ پاك» تۇر يەنى ئاللاھ تائالا ھەرقانداق شېرىكتىن پاكتۇر.

ئاللاھنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى ئەزەلدىن باردۇر (يەنى ئاللاھنىڭ بارلىق سۈپەتلىرى كېيىن پەيدا بولغان ياكى مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن يوقاپ كېتىدىغان ئەمەس، بەلكى مەڭگۈ ئۆزگەرمەي تۇرغۇچىدۇر).

## ئاللاھنىڭ ئۈچ يېگانىلىكى

بىرىنچى يېگانىلىك يارىتىش سۈپىتىگە ئالاقىدار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزى يالغۇز بارچە مەخلۇقاتلارنى ياراتقۇچىدۇر، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ياراتقۇچى يوقتۇر.

ئىككىنچى يېگانىلىك مەبۇدلۇق سۈپىتىگە ئالاقىدار بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۆزى يالغۇز تائەت - ئىبادەت قىلىشقا ئەڭ لايىق زاتتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئىلاھ يوقتۇر.

ئۈچىنچى يېگانىلىك ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئالاقىدار بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ مەۋجۇتلۇقى زۆرۈرىيدۇر، غەيرىگە ئەسلا موھتاج ئەمەستۇر (ھەر شەيئىنى ئۆزى يالغۇز يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگۈچىدۇر، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە قىلچە ئېھتىياجى يوقتۇر).

# سىز كىمنىڭ ئۈممىتى؟

**1. س: سىز كىمنىڭ ئۈممىتى؟**

ج: مەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى.

**2. س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى قانداق تونۇيسىز؟**

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئاللاھنىڭ بىزنى ھىدايەت يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ھەق پەيغەمبىرى دەپ تونۇيمەن.

**3. س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت ئاتا جەمەتى قايسىلار؟**

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت ئاتا جەمەتى تۆۋەندىكىچە:

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ، ئابدۇللاھنىڭ ئاتىسى ئابدۇلمۇتتەلىب، ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئاتىسى ھاشىم، ھاشىمنىڭ ئاتىسى ئابدۇمەنافتۇر.

**4. س: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قانچە ئىسىم شەرىپى بار؟**

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەتتە ئىسىم شەرىپى بار بولۇپ، ئۇلار:

تاھا، ياسىين، ئەبۇلقاسىم، ئەھمەد، مۇھەممەد، مەھمۇد ۋە

مۇھەممـەد ئەمىـن قاتارلىقلاردۇر.

**5. س: مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالامنىڭ پـاك، ئالىيجانـاب توققۇز ئايالىنىـڭ ئىسـم شـەرىپلىرى نىمـە؟**

ج: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك ، ئالىيجاناب توققۇز ئايالىنىڭ ئىسىم شەرىپلىرى تۆۋەندىكىچە:

ئائىشـە ، خەدىچە ، ئۇممۇ ھەبىيبە ، زەينەب ، مەيمۇنە ، سـەفىيە ، سـەۋدە ، ئۇممۇ سـەلەمە ۋە ھەفسـە قاتارلىقلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنىـڭ ھەممىسـىدىن رازى بولسۇن!

**6. س: سىز كىمنىڭ دوستى؟**

ج: بىز تۆت خەلىفە چاھاريارنىڭ دوستى.

**7. س: تۆت خەلىفە كىم؟**

ج: تۆت خەلىفە تۆۋەندىكىچە:

ھەزرىتـى ئەبـۇ بەكـرى سـىددىق رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ ، ھەزرىتى ئۆمـەر ئىبنـى خەتتاب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ ، ھەزرىتى ئوسـمان ئىبنى ئەففـان رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ ، ھەزرىتـى ئەلـى ئىبنـى ئەبـۇ تالىـب رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ قاتارلىقلاردۇر. ئاللاھ ئۇلارنىـڭ ھەممىسـىدىن رازى بولسـۇن!

**8. س: ئەڭ نەمۇنىلىك، ئۈلگە قىلىشقا تېگىشلىك ساھابىلەر قانچىدۇر؟**

ج: ئون بىردۇر. ئۇلار:

ھەزرىتـى ئەبـۇ بەكـر سـىددىق رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇ ، ھەزرىتـى

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئاббاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما، ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرىتى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەزرىتى ئائىشە سىددىق ئۇممۇل مۇئمىنىين رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ھەزرىتى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلاردۇر.

**9. س: سىز كىمنىڭ مىللىتىدە؟**

ج: مەن ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ مىللىتىدە.

**10. س: مىللەتنىڭ مەنىسى نېمە؟**

ج: مىللەتنىڭ مەنىسى ئىبراھىم خەلىلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىشتۇر.

**11. س: سىز كىمنىڭ مەزھىپىدە؟**

ج: مەن ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىپىدە.

**12. س: ئىسلام دۇنياسىدا قانچە فىقھىي مەزھەپ بار؟**

ج: ئىسلام دۇنياسىدا تۆت فىقھىي مەزھەپ بار. ئۇلار:

بىرىنچىسى، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىپى؛ ئىككىنچىسى، ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىپى؛ ئۈچىنچىسى، ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىپى؛ تۆتىنچىسى

ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىپى قاتارلىقلاردۇر.

**13. س: سىز قاچاندىن بېرى مۇسۇلمان؟**

ج: مەن روزمىيساق كۈنىدىن بېرى مۇسۇلماندۇرمەن.

**14. س: روزمىيساق كۈنى قايسى كۈندۇر؟**

ج: روزمىيساق كۈنى ئاللاھ تائالا بىزنىڭ جانلىرىمىزنى ياراتقان كۈندۇر. دەستۇرىمىز قۇرئان، قىبلىمىز كەئبە، دىنىمىز ئىسلام دېمەك لازىمدۇر.

## ئۇسۇلى دىن

ئۇسۇلى دىن سەككىز بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئاللاھنى بىر دەپ بىلىپ، بىر دەپ ئېتىقاد قىلىش؛

2. ھەر ئىشتا ئادىل ۋە سەمىمىي بولۇش؛

3. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن راست پەيغەمبەرلەر دەپ ئېتىقاد قىلىش؛

4. دۇنيا ئىشىدىن ئاخىرەت ئىشىنى ئەلا بىلىش؛

5. ساۋابلىق ئىشلارنى ئۆزى قىلىش بىلەن بىرگە باشقىلارنى تەرغىپ قىلىش؛

6. گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىن ئۆزى قول ئۈزۈش بىلەن بىرگە باشقىلارنى توسۇش؛

7. ئاللاھنىڭ دوستلىرى بىلەن دوست بولۇش؛

8. ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە دۈشمەن بولۇش.

# قىرىق پەرز

## ئىمانى مۇپەسسەل

ئىمانى مۇپەسسەل يەتتىدۇر:

«آمَنْتُ بِاللّٰهِ»

1. ئاللاھ تائالانىڭ بىر ۋە بارلىقىغا ئىمان كەلتۈردۈم.

«وَمَلَائِكَتِهِ»

2. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق پەرىشتىلىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم.

«وَكُتُبِهِ»

3. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق كىتابلىرىغا ئىمان كەلتۈردۈم.

«وَرُسُلِهِ»

4. ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردۈم.

«وَالْيَوْمِ الآخِرِ»

5. قىيامەت كۈنىنىڭ ھەق ۋە راستلىقىغا ئىمان كەلتۈردۈم.

«وَالْقَدَرِ خَيْرِهِ وَشَرِّهِ مِنَ اللّٰهِ تَعَالىٰ»

6. ھەرقانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈردۈم.

«وَالْبَعْثِ بَعْدَ الْمَوْتِ»

7. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەقلىقىگە ئىمان كەلتۈردۇم.

## ئىسلامنىڭ بەش ئەركانى

1. «أَشْـهَدُ اَنّ لَا اِلٰهَ اِلّا اللّٰهُ وَأَشْـهَدُ اَنّ مُحَمّـدًا رَسُـوْلُ اللّٰهِ» (ئاللاھتىــن باشـقا ھېـچ ئىـلاھ يـوق، مۇھەممـەد ئەلەيھىسسـالام ئاللاھنىــڭ ئەلچىســىدۇر) دەپ ئىككــى شــاھادەت كەلىمىســىنى ئېيتىــپ مۇسـۇلمان بولـۇش.

2. ھەر كۈنى بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇش.

3. مال-مۈلكى زاكات ئالىدىش ئۆلچىمىگە يەتكەن ھامان ئۆشـرە-زاكىتىنى بېرىش.

4. ھـەر يىلـى بىـر ئـاي رامىـزان روزىسـىنى قاتتىـق ئېھتىيـات بىلـەن، تولـۇق تۇتـۇش.

5. شـارائىتى يـار بەرگـەن كىشـى ئۆمرىـدە بىـر قېتىـم ھـەج - تـاۋاپ قىلىـش؛ مۇبـادا كۈچى يەتمىسـە، ھەپتىدە بىـر كېلىدىغان جۈمـە نامىزىنـى تـەرك قىلمـاي ئوقۇش.

## تاھارەتنىڭ پەرزلىرى

تاھارەتتە پەرز تۆتتۇر:

1. يۈزىنـى پېشانىسـىنىڭ تـۈك چىققـان يېرىدىـن باشـلاپ، ئىككـى قۇلىقىنىـڭ يۇمشـىقى، ئىككـى ئېڭىكىنىـڭ ئاستى بىلـەن قوشـۇپ يۇيـۇش (سـاقاللىق كىشـى سـاقىلىنى ئارىلاپ تېگىگە سۇ ئۆتكـۈزۈش).

2. ئىككى قولنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

3. باشنىڭ تۆتتىن بىرىگە مەسھە قىلىش.

4. ئىككى پۇتنى ئوشۇقى بىلەن قوشۇپ يۇيۇش.

### تەيەممۇمنىڭ پەرزلىرى

تەيەممۇمدا پەرز تۆتتۇر:

1. تەيەممۇمنىڭ نىيىتىنى قىلىش؛

2. پاك تۇپراق تېپىش؛

3. ئىككى قولنى توپىغا بىر قېتىم ئۇرۇپ يۈزىنى سىلاش؛

4. ئىككى قولنى توپىغا يەنە بىر قېتىم ئۇرۇپ، ئىككى بىلىكىنى جەينىكى بىلەن قوشۇپ سىلاش.

### غۇسۇل تاھارەتنىڭ پەرزلىرى

غۇسۇل تاھارەتتە پەرز ئۈچتۇر:

1. ئاغزىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ، كانىيىغىچە يەتكۈزۈپ غار-غار قىلىش؛

2. بۇرنىغا ئۈچ قېتىم سۇ ئېلىپ پىشقىرتىش؛

3. پۈتۈن بەدىنىنى چالا قويماي يۇيۇش. ئەگەر بەدىنىدە بىرەر تۈكنىڭ تۈۋى قۇرۇق قالسا، غۇسۇلنى يېڭىدىن قىلىش لازىمدۇر.

### نامازنىڭ پەرزلىرى

ئىككى رەكەت نامازدا 12 پەرز بولۇپ، بۇلاردىن ئالتىسى

نامازنىڭ سىرتىدا، ئالتىسى نامازنىڭ ئىچىدىدۇر:

- **نامازنىڭ سىرتىدىكى ئالتە پەرز:**

1. پاك سۇدا تاھارەت ئېلىش؛
2. ناماز ئوقۇيدىغان كىيىمنىڭ پاك بولۇشى؛
3. ناماز ئوقۇيدىغان جاينىڭ پاك بولۇشى؛
4. نامازنىڭ ۋاقتىنى بىلىش؛
5. قىبلىگە ئالدىنى قىلىش؛
6. نىيەت قىلىش.

- **نامازنىڭ ئىچىدىكى ئالتە پەرز**

1. باشلاش تەكبىرى (نامازنى ئاللاھقا تەكبىر ئېيتىش بىلەن باشلاش)؛
2. قىيامدا تۇرۇش (نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ، ئۆرە تۇرۇش)؛
3. قىرائەت قىلىش؛
4. رۇكۇ قىلىش؛
5. سەجدە قىلىش؛
6. ئاخىرقى تەشەھھۇدتا (يەنى ئەتتەھىيياتۇدا) ئولتۇرۇش.

**ئەمرىمەرۇپ - نەھيىمۇنكەر ئىككى پەرزدۇر**

1. ئەمرىمەرۇپ قىلىش يەنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئورۇنلاش، كىشىلەرنى ساۋابلىق ئىشلارغا بۇيرۇش.

2. نەھىيمۇنكەر قىلىش يەنى گۇناھ بولىدىغان ئىشلاردىن كەسكىن يېنىش ھەمدە باشقىلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە توسۇش پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئالاھىدە پەرزدۇر.

## ئاياللار ئۆزىنىڭ ھەيز مۇددىتىنى بىلىشى پەرزدۇر

1. ھەيزنىڭ ئەڭ قىسقا مۇددىتى ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز، ئۇزاق مۇددىتى ئون كېچە ـ كۈندۈزدۇر. ئەگەر ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن ئاز ياكى ئون كېچە ـ كۈندۈزدىن ئارتۇق قان كەلسە، بۇ «ئىستىھازە (قان توختىماسلىق كېسىلى)» دېيىلىدۇ. بۇنداق ئاياللار پاك ئاياللارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ (ھەر نامازغا بىر تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ).

## ئاياللار ئۆزىنىڭ نىفاسدارلىق مۇددىتىنى بىلىشى پەرزدۇر

1. نىفاس ــ ئاياللار بالا تۇغقاندىن كېيىنلا كېلىشكە باشلايدىغان قان بولۇپ، نىفاسنىڭ تۆۋەن مۇددىتىنىڭ ئېنىق چېكى يوق، ئەمما ئەڭ ئۇزاق مۇددىتى 40 كېچە ـ كۈندۈزدۇر. ئەگەر نىفاس قېنى قىرىق كېچە ـ كۈندۈزدىمۇ توختىمىسا، بۇنداق ئاياللار پاك ئاياللارنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ (ھەر نامازغا بىر قېتىم تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇيدۇ). رامىزان روزىسىنىمۇ تەرك قىلماي تۇتىدۇ.

يۇقىرىقى پەرزلەرنىڭ ئومۇمىي سانى جەمئىي 39 بولدى. ئەمدى بۇلارنى ئوقۇپ، يادلاش بىر پەرز بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن 40 پەرز تامام بولىدۇ.

# ئوتتۇز ئىككى پەرزنىڭ بايانى

### غۇسۇل تاھارەت ئېلىش پەرز بولىدىغان ئىشلار

تۆۋەندىكى ئەھۋاللاردا غۇسۇل تاھارەت ئېلىش پەرزدۇر:

1. ئېھتىلام بولۇپ قالغاندا؛
2. شەھۋەت بىلەن مەنىي ئېتىلىپ چىققاندا؛
3. زەكەرنىڭ ئۇچى خەتنىگاھقىچە ئايالنىڭ جىنسىي يولىغا كىرگەندە؛
4. ئايال كىشى ھەيزدىن پاك بولغاندا؛
5. ئايال كىشى نىفاستىن پاك بولغاندا.

### ئىستىنجا قىلىش پەرز بولىدىغان ئىشلار

1. جۇنۇپ بولۇپ قالغاندا؛
2. ئايال كىشى ھەيز پاك بولغاندا؛
3. ئايال كىشى نىفاستىن پاك بولغاندا؛
4. مەقئەتتە تەڭگە مىقدارى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ نىجاسەت بار كىشى.

### مېيىت نامىزىنىڭ پەرزلىرى

مېيىت نامىزىدا پەرز تۆتتۇر:

1. نىيەت قىلىش؛

2. قىبلىگە ئالدىنى قىلىش؛

3. قىيامدا تۇرۇش؛

4. تەكبىر ئېيتىش.

## روزىنىڭ پەرزلىرى

روزىنىڭ پەرزى ئۈچتۇر:

1. نىيەت قىلىش؛

2. تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ، قۇياش پاتقانغا قەدەر يېمەك - ئىچمەكنى تەرك ئېتىش؛

3. تاڭ يورۇغاندىن باشلاپ قۇياش پاتقانغا قەدەر جىنسىي مۇناسىۋەتنى تەرك ئېتىش.

## ئەۋرەتنى يېپىشنىڭ پەرزلىكى

1. ئەر كىشىنىڭ ئەۋرىتى كىندىكىدىن تىزىغىچە، ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتى چوققىسىدىن تاپىنىغىچە، دېدەكنىڭ ئەۋرىتى مۈرىسىدىن تىزىنىڭ ئاستىغىچە بولۇپ، مەزكۇر ئەزالارنى يۆگەش پەرزدۇر.

## زاكاتنىڭ شەرتلىرى

زاكاتقا ئالاقىدار 15 پەرز باردۇر:

1. نىيەت قىلىش. نىيەت قىلىش ئىككى ۋاقىتتا لازىمدۇر. بىرى، زاكات بەرمەكچى بولغان مالنى ئەسلىي مالدىن ئايرىماقچى بولغاندا؛ يەنە بىرى، زاكاتنى تېگىشلىك ئورۇنلىرىغا بەرمەكچى

بولغاندا.

يەنە يەتتىسى زاكاتنىڭ شەرتىدۇر:

1. مۇسۇلمان بولۇش؛

2. ھۆر بولۇش؛

3. ئەقىللىق بولۇش؛

4. بالاغەتكە يەتكەن بولۇش؛

5. پۇل - مېلى زاكات بېرىدىغان ئۆلچەمگە يېتىش (يەنى 85 گىرام ئالتۇنى ياكى شۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك پۇل - مېلى بولۇش)؛

6. يىل توشقان بولۇش (ھىجرىيە يىلى ئاساس قىلىنىدۇ)؛

7. قەرزدىن ئاشقان مۈلكى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن بولۇش. ئەگەر زاكات بەرگۈچى قەرزدار بولسا، ئالدى بىلەن قەرزنى تۆلەيدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن قولىدا قالغان مېلى زاكات بېرىش ئۆلچىمىگە توشسا، زاكات بېرىدۇ؛ توشمىسا بەرمەيدۇ.

يەنە يەتتىسى زاكات بېرىشكە بولىدىغان كىشىلەر توغرىسىدا:

1. پېقىر؛

2. مىسكىن؛

3. قەرزدار؛

4. مۇكاتەب قۇل (مەلۇم مىقداردا پۇل تاپشۇرۇش بەدىلىگە ئازاد بولۇش ئۈچۈن غوجايىنى بىلەن توختام تۈزۈشكەن قۇل)؛

5. زاكاتقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛

6. (ئەسلىي يۇرتىدا باي بولسىمۇ، سەپەر ئۈستىدە) پۇل - مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە يۇرتىدىن ياردەم كەلمەيدىغان مۇساپىر (بۇنداق كىشىگە يۇرتىغا كېتىۋالغۇدەك ياكى قىيىنچىلىقى ھەل بولغۇدەك مىقداردا زاكات بېرىشكە بولىدۇ).

7. ئاللاھ يولىدا جىھادقا ياكى ھەجگە چىقىپ، پۇل - مېلى تۈگەپ كەتكەن كىشىلەر. بۇلار ئەسلىي يۇرتىدا باي بولسىمۇ، يۇرتىغا قايتقۇچە زاكات بېرىشكە بولىدۇ.

## يېمەك - ئىچمەكنىڭ پەرزلىرى

يېمەك - ئىچمەكتە پەرز ئالتىدۇر:

1. يېمەك - ئىچمەكنىڭ ھالال بولۇشى (يەنى يېمەك - ئىچمەكنىڭ ئۆزى ۋە كېلىش مەنبەسى ھالال بولۇش)؛

2. يېمەك - ئىچمەكنى ئاللاھ تەرىپىدىن دەپ بىلىش؛

3. ئاللاھنىڭ بەرگەن تەقسىماتىغا رازى بولۇش؛

4. يېگەن تاماقنىڭ قۇۋۋىتىدە ئاللاھقا تائەت - ئىبادەت قىلىش ۋە گۇناھ - مەسىيەت قىلماسلىق؛

5. ئىلىم تەلەپ قىلىش؛

6. ئېھتىياجىنى قامدىغۇدەك بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش.

# ئىماننىڭ شەرتلىرى

ئىماننىڭ شەرتلىرى يەتتىدۇر:

1. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى خەۋەر بەرگەن غەيبىي ئىشلارغا ئىمان ئېيتىش؛

2. غەيب ئىلمىنى ئاللاھقا خاس دەپ بىلىش؛

3. جەننەت ۋە دوزاخنى كۆرمەي تۇرۇپ ئىشىنىش؛

4. ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلىش ؛

5. ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى ھارام دەپ ئېتىقاد قىلىش؛

6. ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولۇش؛

7. ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇش.

# نامازنىڭ ۋاجىپلىرى

نامازدا 21 ۋاجىپ بار بولۇپ، يەتتىسى ھەرقانداق نامازغا ئومۇم، 14ى بىر قىسىم نامازلارغىلا خاستۇر.

- **ئومۇم بولغان يەتتە ۋاجىپ:**

1. نامازنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن كەلىمە بىلەن باشلاش؛

2. (ئۈچ ۋە تۆت رەكەتلىك نامازدا) دەسلەپكى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش؛

3. ھەرئىككى قېتىملىق ئولتۇرۇشتا «ئەتتەھىيياتۇ»نى ئوقۇش؛

4. رۇكۇ ۋە سەجدە ھالىتىدە ئازراق ئارام ئېلىش؛

5. نامازنىڭ ھەربىر پەرزىنى تەرتىپ بويىچە ئادا قىلىش؛

6. نامازنىڭ ھەربىر ۋاجىپىنى تەرتىپ بويىچە ئادا قىلىش؛

7. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ» دەپ نامازدىن چىقىش ؛

- **بىر قىسىم نامازلارغىلا خاس بولغان 14 ۋاجىپ:**

1. تۆت رەكەتلىك نامازنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكىتىدە قىرائەت قىلىش؛

2. سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش؛

3. سۈرە فاتىھەگە سۈرە قوشۇپ ئوقۇش؛

4. سۈرە فاتىھەنى ھەر رەكەتكە بىر قېتىمدىن ئوقۇش؛

5. سۈرە فاتىھەنى قوشۇپ ئوقۇغان سۈرىدىن بۇرۇن ئوقۇش؛

6. ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇش؛

7. (ئىمامنىڭ) جەھرەن (قىرائەت ئۈنلۈك) ئوقۇلىدىغان نامازلاردا قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇش؛

8. مەخپىي ئوقۇلىدىغان نامازلاردا قىرائەتنى مەخپىي ئوقۇش؛

9. سەجدە ئايىتى ئوقۇلغاندىن كېيىن تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش ؛

10. ئىمامنى قايسى ھالەتتە تاپسا، دەرھال ئىقتىدا قىلىپ ئەگىشىش؛

11. ئىمام قىرائەت قىلىۋاتقاندا، ئىقتىدا قىلغۇچى تىڭشاپ جىم تۇرۇش؛

12. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ زىيادە تەكبىرلىرىنى ئېيتىش؛

13. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ رۇكۇ تەكبىرلىرىنى ئېيتىش؛

14. نامازدا سەۋەنلىك كۆرۈلسە، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش.

## سەۋەنلىك سەجدىسى ۋاجىپ بولىدىغان ھالەتلەر

**1. س: سەۋەنلىك سەجدىسى قانچە يەردە ۋاجىپ بولىدۇ؟**

ج. سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش تۆۋەندىكى ھالەتلەردە

ۋاجىپ بولىدۇ:

1. ۋاجىپ تەرك بولسا؛

2. ۋاجىپ كېچىكتۈرۈلسە؛

3. پەرز كېچىكتۈرۈلسە؛

4. (ئىمام) ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازدا مەخپىي قىرائەت قىلسا، (ئىمام ۋە يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى) مەخپىي قىرائەت قىلىنىدىغان نامازدا ئۈنلۈك قىرائەت قىلسا.

**ناماز ئىچىدىكى پەرزلىكدە ئىختىلاپ قىلىنغان ئىشلار**

1. تەرتىپلەرگە رىئايە قىلىش؛

2. رۇكۇ ۋە سەجدە ھالىتىدە بىرئاز ئارام ئېلىش؛

3. ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا ئازراق ئولتۇرۇش؛

4. رۇكۇدىن تۇرغاندا ئازراق ئۆرە تۇرۇش؛

5. ناماز ئوقۇغۇچى بىرەر ئىش - ھەرىكەت بىلەن نامازدىن چىقىش.

مەزكۇر مەسىلىلەرنى مەيلى ئەر، ئايال، قۇل ياكى ئازاد بولسۇن، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بىر - بىرلەپ ئۆگىنىشى ئالاھىدە بىر پەرزدۇر.

ئاللاھ تائالا ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر!

سَيِّدُ الِاسْتِغْفَارِ

شَدَّادُ بْنُ أَوْسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ

قـال: «سَـيِّدُ الِاسْـتِغْفَارِ أَنْ تَقُـولَ: اللهُـمَّ أَنْـتَ رَبِّي لا إِلَهَ إلا أَنْـتَ، خَلَقْتَـنِي وَأَنَـا عَبْـدُكَ، وَأَنَـا عَلَى عَهْـدِكَ وَوَعْدِكَ مَـا اسْـتَطَعْتُ، أَعُوذُ بِـكَ مِـنْ شَرِّ مَـا صَنَعْتُ، أَبُـوءُ لَـكَ بِنِعْمَتِـكَ عَلَيَّ، وَأَبُـوءُ لَـكَ بِذَنْبِي، فَاغْفِـرْ لِي؛ فَإِنَّـهُ لا يَغْفِـرُ الذُّنُـوبَ إلا أَنْـتَ. مَـنْ قَالَهَـا مِـنْ النَّهَـارِ مُوقِنًـا بِهَـا فَمَـاتَ مِـنْ يَوْمِـهِ قَبْـلَ أَنْ يُمْـسِيَ فَهُـوَ مِـنْ أَهْـلِ الْجَنَّةِ، وَمَـنْ قَالَهَـا مِنْ اللَّيْـلِ وَهُوَ مُوقِـنٌ بِهَا فَمَاتَ قَبْـلَ أَنْ يُصْبِـحَ فَهُوَ مِنْ أَهْـلِ الْجَنَّةِ»[1].

شەدداد ئىبنى ئەۋس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىستىغپار ھەققىدىكى مۇنۇ دۇئا دۇئالارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىدۇر: ‹ئى ئاللاھ! سەن مېنىڭ رەببىمدۇرسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ قۇلۇڭمەن. كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە، سېنىڭ ئەھدى - پەرمانىڭدىمەن. قىلغان گۇناھلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن، شۇنداقلا گۇناھىمنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەن. ئى ئاللاھ! مېنى كەچۈرگىن! گۇناھلارنى پەقەتلا سەن مەغپىرەت قىلغۇچىسەن. كىمكى چىن كۆڭلىدىن ھەقىقىي ئىشىنىپ، بۇ دۇئانى كۈندۈزى ئوقۇسا ۋە (شۇ كۈنى) كەچ كىرىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولسا ياكى كەچقۇرۇن ئوقۇسا ۋە (شۇ كېچە) تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن ۋاپات بولسا، ئۇ جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ».

عَـنْ أَبِي هُرَيْـرَةَ، قَـالَ: قَـالَ رَسُـولُ اللهِ صَـلَّى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلَّمَ:

[1] «بۇخارىي»، 6306 - ھەدىس.

«كَلِمَتَـانِ خَفِيفَتَـانِ عَلَى اللِّسَـانِ، ثَقِيلَتَـانِ فِي المِـيزَانِ، حَبِيبَتَـانِ إِلَى الرَّحْمَـنِ، سُـبْحَانَ اللهِ وَبِحَمْـدِهِ، سُـبْحَانَ اللهِ العَظِيـمِ»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «(ئوقۇلۇشى) تىلغا يەڭگىل، تارازىدا ئېغىر، ئاللاھ تائالاغا ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان ئىككى كەلىمە بار. ئۇلار: ‹ئاللاھ تائالا (ئەيىب ـ نۇقساندىن) پاكتۇر، بارلىق ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر، ئاللاھ تائالا پاك ۋە بۈيۈكتۇر› دېگەن كەلىمىلەردۇر».

ئاللاھ تائالا ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر!

[1] «بۇخارىي»، 6682 ـ ھەدىس.

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمَـٰنِ الرَّحِيمِ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، دۇرۇت ۋە سالام ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىككە تاللىغان بەندىلىرىگە بولسۇن!

ئاللاھقا ھەمدۇسانا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ۋە سالام يوللىغاندىن كېيىن كەمىنە ئاللاھنىڭ ناتىۋان بەندىسى ئۆسمۇر باللارنىڭ ئاسان يادلىشى ئۈچۈن نامازنىڭ پەرزلىرى، ۋاجىپلىرى، سۈننەت ۋە مۇستەھەبلىرىنى؛ نامازدا ھارام، مەكرۇھ، مۇباھ قىلىنىغان ئىشلار ۋە نامازنى بۇزغۇچى ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بۇ رىسالىنى چوڭ - چوڭ كىتابلاردىن نەقىل قىلىپ تۈزۈپ چىقتىم. بۇنىڭدىن كۆپ مەلۇماتلارغا ئىگە بولۇشنى خالىغانلار «تعليم الإسلام (ئىسلام تەلىماتى)» ناملىق تۆركچە كىتابنىڭ تۆتىنچى قىسمىنى باشتىن - ئاخىر كۆرۈپ چىقسا، ئەقىدە ئاساسلىرى ۋە ئىسلام ئەركانلىرى ھەققىدە مول مەلۇماتلارغا ئىگە بولىدۇ. ئەمما، بۇ رىسالىدە پەقەت نامازغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرلا ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ.

مۇۋەپپەقىيەت پەقەتلا ئاللاھتىندۇر!

بىرىنچى باب

# نامازنىڭ پەرزلىرىنىڭ بايانى

### نامازنىڭ پەرزلىرى

ئالىملارنىڭ بىردەك قارىشى بىلەن نامازنىڭ پەرزلىرى 12 بولۇپ، ئالتىسى نامازنىڭ سىرتىدا، ئالتىسى ئىچىدىدۇر.

## نامازنىڭ سىرتىدىكى ئالتە پەرز:

1. پاك سۇدا تاھارەت ئالماق؛

2. ناماز ئوقۇيدىغان كىيىمنىڭ پاك بولۇشى؛

3. ناماز ئوقۇيدىغان جاينىڭ پاك بولۇشى؛

4. نامازنىڭ ۋاقتىنى بىلىش؛

5. قىبلىگە ئالدىنى قىلىش؛

6. نىيەت قىلىش.

- **نامازنىڭ ئىچىدىكى ئالتە پەرز**

1. تەكبىرى تەھرىم (تەكبىرى تەھرىم نامازنى ئاللاھقا تەكبىر ئېيتىپ باشلاش بولۇپ، بۇ تەكبىرنى ئېيتقاندىن كېيىن نامازنىڭ ئىچىدە يېيىش، ئىچىش ۋە گەپ قىلىش ھارام قىلىنغانلىقى

ئۇچۇن «تەكبىرى تەھرىم» دېيىلگەن)؛

2. قىيامدا تۇرۇش (نامازدا قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ، قول باغلاپ ئۆرە تۇرۇش)؛

3. قىرائەت قىلىش؛

4. رۇكۇ قىلىش؛

5. سەجدە قىلىش؛

6. ئاخىرقى تەشەھھۇدتا (يەنى ئەتتەھىيياتۇدا) ئولتۇرۇش.

- **ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشقان پەرز ئۇچتۇر:**

1. بەدەننىڭ پاك بولۇشى؛

2. ئەۋرەتنى يېپىش؛

3. ناماز ئوقۇغۇچى بىرەر ئىش - ھەرىكەت بىلەن نامازدىن چىقىش .

- **بەزى مۇجتەھىد ئىماملارنىڭ قارىشىدا تۆۋەندىكى ئىشلارمۇ پەرز قاتارىدا سانىلىدۇ:**

1. تەرتىپلەرگە رىئايە قىلىش؛

2. رۇكۇ ۋە سەجدە ھالىتىدە بىرئاز ئارام ئېلىش؛

3. رۇكۇدىن تۇرغاندا ئازراق ئۆرە تۇرۇش؛

4. ئىككى سەجدە ئارىلىقىدا ئازراق ئولتۇرۇش؛

5. ناماز ئوقۇغۇچى بىرەر ئىش - ھەرىكەت بىلەن نامازدىن چىقىش ؛

ئىككىنچى باب

# نامازنىڭ ۋاجىپلىرىنىڭ بايانى

نامازنىڭ ۋاجىپلىرى 21 بولۇپ، بۇلارنىڭ يەتتىسى ھەرقانداق نامازغا ۋە نامازخانلارغا ئومۇم، 14ى بىر قىسىم نامازلارغا ۋە نامازخانلارغا خاستۇر.

- **ئومۇم بولغان يەتتە ۋاجىپ:**

1. نامازنى «ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن كەلىمە بىلەن باشلاش؛
2. (تۆت ۋە ئۈچ رەكەتلىك نامازدا) دەسلەپكى تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش؛
3. ھەرئىككى قېتىملىق ئولتۇرۇشتا «ئەتتەھىيياتۇ»نى ئوقۇش؛
4. رۇكۇ ۋە سەجدە ھالىتىدە بىرئاز ئارام ئېلىش؛
5. نامازنىڭ ھەربىر پەرزىنى تەرتىپ بويىچە ئادا قىلىش؛
6. نامازنىڭ ھەربىر ۋاجىپىنى تەرتىپ بويىچە ئادا قىلىش؛
7. «ئەسسالامۇئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ» دەپ نامازدىن چىقىش.

- **بىر قىسىم نامازلارغا ۋە نامازخانلارغا خاس بولغان 14 ۋاجىپ:**

1. تۆت رەكەتلىك نامازنىڭ ئالدىنقى ئىككى رەكىتىدە

قىرائەت قىلىش؛

2. سۈرە فاتىھەنى ئوقۇش؛

3. سۈرە فاتىھەنى ھەر رەكەتكە بىر قېتىمدىن ئوقۇش؛

4. سۈرە فاتىھەنى ھەر ۋاقىت باشقا سۈرىلەردىن بۇرۇن ئوقۇش؛

5. (پەرز نامازلارنىڭ ئاۋۋالقى ئىككى رەكىتىدە، سۈننەت ۋە نەپلە نامازلارنىڭ ھەر رەكىتىدە) سۈرە فاتىھەگە بىر سۈرە ياكى ئۇزۇن بىر ئايەت ياكى قىسقا ئۈچ ئايەت قوشۇپ ئوقۇش؛

6. ۋىتىر نامىزىدا قۇنۇت دۇئاسى ئوقۇش؛

7. (ئىمامنىڭ) جەھرەن (قىرائەت ئۈنلۈك) ئوقۇلىدىغان نامازلاردا قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇشى؛

8. مەخپىي ئوقۇلىدىغان نامازلاردا قىرائەتنى مەخپىي ئوقۇش؛

9. سەجدە ئايىتى ئوقۇلغاندىن كېيىن قىرائەت قىلغۇچى ۋە تىڭشىغۇچى ھەممىيلەن تىلاۋەت سەجدىسى قىلىش؛

10. ئىمامنى قايسى ھالەتتە تاپسا، گەرچە بىر رەكەتكە ھېساب بولمىغان ئەھۋالدىمۇ، دەرھال ئىقتىدا قىلىش؛

11. ئىمام قىرائەت قىلىۋاتقاندا، ئىقتىدا قىلغۇچى تىڭشاپ جىم تۇرۇش؛

12. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ زىيادە تەكبىرلىرىنى ئېيتىش؛

13. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ رۇكۇ تەكبىرلىرىنى ئېيتىش؛

14. نامازدا سەۋەنلىك كۆرۈلسە، سەۋەنلىك سەجدىسى قىلىش.

ئۈچىنچى باب

# نامازنىڭ سۈننەتلىرىنىڭ بايانى

نامازنىڭ 27 سۈننىتى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ 17سى ھەممە نامازدا تېپىلىدۇ، قالغان 10ى خۇسۇسىي سۈننەتلەردۇر.

- **ھەممە نامازدا تېپىلىدىغان 17 سۈننەت تۆۋەندىكىچە:**

1. تەكبىرى تەھرىمەدە ئىككى قولنى قۇلاقنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈش؛

2. قۇنۇت دۇئاسىنىڭ تەكبىرلىرىدە قول كۆتۈرۈش؛

3. ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرلىرىدە قول كۆتۈرۈش؛

4. ئىككى قولنى قۇلاقنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرگەندە بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى (يۇمۇۋالماي) ئۆز ھالىتىدە قويۇش؛

5. تەكبىرى تەھرىمەدىن كېيىن، سۈرە فاتىھەنىڭ ئالدىدا «سۇبھانەكەئاللاھۇممە» نى ئوقۇش؛

6. نامازغا تۇرغاندا ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويغان ھالدا كىندىكىنىڭ ئاستىدا قويۇپ، قول باغلاپ تۇرۇش؛

7. رۇكۇ قىلىدىغان، رۇكۇدىن سەجدىگە بارىدىغان، سەجدىدىن باش كۆتۈرۈپ ئۆرە تۇرىدىغان ياكى تەشەھھۇدقا

ئولتۇرىدىغان ۋە ۋىتىر نامىزىدا سۈرە فاتىھەدىن كېيىن قۇنۇت دۇئاسىغا يۆتكىلىدىغان چاغلاردا تەكبىر ئېيتىش؛

8. رۇكۇ ۋە سەجدىنىڭ تەسبىھلىرىنى ئەڭ ئاز ئۈچ قېتىمدىن ئېيتىش؛

9. رۇكۇدا ئىككى تىزىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش؛

10. رۇكۇدا تىزىنى تۇتۇپ تۇرغاندا بارماقلىرىنى بەك چىڭ يۇمۇۋالماي، ئارىلىقلىرىنى سەل ئېچىپ، ئازادە تۇتۇش؛

11. رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە قەددىنى رۇسلاپ ئۆرە تۇرۇش؛

12. ئىككى سەجدە ئارىسىدا بىرئاز ئولتۇرۇش؛

13. سەجدىنى ئىككى پۇتنىڭ ئۇچى، ئىككى تىزى، ئىككى قولى، پېشانە ۋە بۇرنىدىن ئىبارەت يەتتە ئەزانىڭ ھەممىسىنى يەرگە تەگكۈزۈپ قىلىش. ناۋادا يەتتە ئەزانىڭ بىرەرسى يەردىن كۆتۈرۈلۈپ كەتسە، سەجدە كامىل بولمايدۇ؛

14. رۇكۇ ۋە سەجدىنىڭ تەسبىھلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ئېيتىش؛

15. تەشەھھۇدتا «ئەتتەھىيياتۇ»نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، سالام بېرىشتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش؛

16. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ۋە ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش؛

17. دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئوڭ تەرىپىگە، ئاندىن سول تەرىپىگە قاراپ سالام بېرىپ، نامازدىن چىقىش.

- **نامازدىكى خۇسۇسىي سۈننەتلەر 10دۇر:**

1. ئىمامنىڭ تەكبىرلەرنى ئۈنلۈك ئېيتىشى؛

2. ئىقتىدا قىلغۇچى ئىمامغا ئەگىشىپلا ئىچىدە تەكبىر ئېيتىپ ئىمامغا ئىقتىدا قىلىش؛ بۇ «تەكبىرى ئۇلا»نى تاپقانلىق ھېسابلىنىدۇ؛

3. ئىمام ياكى يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى «سۇبھانەكەئاللاھۇممە»دىن كېيىن، سۈرە فاتىھەنىڭ ئالدىدا «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم»نى ئوقۇش؛

4. «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم»دىن كېيىن، سۈرە فاتىھەنىڭ ئالدىدا «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم»نى ئوقۇش؛

5. «ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىيم» بىلەن «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم»نى ئىچىدە ئوقۇش؛

6. ئىقتىدا قىلغۇچى نامازنىڭ بارلىق قائىدىلىرىدە باشتىن - ئاخىر ئىمامغا ئەگىشىش؛

7. مەيلى ئىمام ياكى يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى بولسۇن، سۈرە فاتىھەنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىنلا مەخپىي «ئامىين» دېيىش؛ ئۈنلۈك قىرائەت قىلىنىدىغان نامازلاردا ھەم جامائەتنىڭ مەخپىي «ئامىين» دېيىشى سۈننەتتۇر؛

8. ئىمامنىڭ رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە، «سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ (سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ)» دېيىش؛

9. ئىمام «سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ (سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ)»

دېگەنـدە، جامائەتنىـڭ «رَبَّنَـا لَـكَ الحَمْدُ (رەببەنـا لەكەلھەمدۇ)» دېيىشى.

10. ھـەر ئىككـى تەشـەھھۇدتا ئولتۇرغانـدا ئـەر كىشـى سـول پۇتىنـى ياتقـۇزۇپ، ئۈسـتىگە ئولتۇرىـدۇ؛ ئـوڭ پۇتىنـى تىكلـەپ، بارماقلىرىنىـڭ ئۇچىنـى قىبلـە تەرەپكـە قارىتىـدۇ. ئايـال كىشـى ئىككـى پۇتىنـى ئـوڭ تەرەپكـە ياتقـۇزۇپ، ئۈسـتىگە ئولتۇرىـدۇ.

توتىنچى باب

# نامازنىڭ مۇستەھەپلىرىنىڭ بايانى

نامازدا 23 مۇستەھەپ بار بولۇپ، بۇلاردىن 14ى ئومۇمىي، توققۇزى خاستۇر.

- **ئومۇمىي مۇستەھەپلەر:**

1. نامازدا سەجدە قىلىدىغان ئورۇندىن باشقا ئوڭ ـ سولغا قارىماسلىق؛

2. ئەسنەك تۇتقاندا ئاغزىنى يۇمۇۋېلىپ بولسىمۇ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قايتۇرۇۋېتىش؛

3. يۆتەل كەلسە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بەرداشلىق بېرىپ، يۆتەلمەسلىك؛

4. سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ئۈچ ئايەتتىن كۆپرەك ئايەت ئوقۇشقا ئادەتلىنىش؛

5. قىرائەتنى تەرتىل بىلەن دانىمۇدانە، ئالدىرىماي ئوقۇش ھەمدە تەجۋىد قائىدىسى بويىچە ئوقۇشنى ئۆگىنىش؛

6. رۇكۇدا بېشى بىلەن دۈمبىسىنى تەڭ قىلىپ، تۈز تۇرۇش؛

7. سەجدىگە بارغاندا ئالدى بىلەن ئىككى تىزىنى، ئاندىن ئىككى قولىنى، بۇرنىنى، پېشانىسىنى تەرتىپ بويىچە ئارقا ـ

ئارقىدىن يەرگە قويۇش؛

8. سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە ئالدى بىلەن پېشانىسىنى، ئاندىن بۇرنىنى، ئىككى قولىنى، ئىككى تىزىنى تەرتىپ بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن يەردىن كۆتۈرۈش؛

9. سەجدە قىلغاندا ئىككى ئالقىنىنى يەرگە قويۇپ، ئوتتۇرىسىغا يۈزىنى قويۇش؛ ئىككى قولىنى يۈزگە بەك يېقىن قويۇۋېلىپ، يۈزگە تېگىپ قالماسلىقى ياكى يۈزىدىن بەك يىراق تۇتماسلىقى لازىم. باش بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنىڭ ئۇدۇلىدا قويۇش؛

10. سەجدىدە ئىككى قول ۋە ئىككى پۇتنىڭ بارماقلىرىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىش؛

11. نامازنى سالام بىلەن ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپ، يۈزىدىكى توپا ياكى تەرنى سۈرتمەسلىك؛

12. نامازدا قىيامدا تۇرغاندا ئىككى پۇتنىڭ ئارىلىقىنى تۆت بارماق مىقدارى قويۇش[1]؛

13. تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا ئىككى قولىنى ئىككى تىزى ئۈستىگە قويۇش؛ قولىنىڭ بارماقلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالماسلىق ھەم بەك كېرىۋالماي، ئۆز ھالىتىدە قويۇش؛

14. سالام بېرىپ نامازنى تاماملىماقچى بولغاندا يۈزىنى ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپكە، ئاندىن سول تەرەپكە بۇراش.

---

[1] مۇشۇنداق ھالەتتە جامائەت بىلەن نامازغا تۇرغاندا ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا شەيتان كىرىۋالىدىغان بوشلۇق قالمايدۇ ۋە يېنىدىكى ئادەمنىڭ بوشلۇقنى تولدۇرىمەن دەپ چېتىنى بەك كېرىشىگە ھاجەت قالمايدۇ.

- **خۇسۇسىي مۇستەھەپلەر:**

1. نامازنىڭ تەكبىرىدە قول كۆتۈرۈش سۈننەت بولغان جايلاردا ئەر كىشى ئىككى قولىنى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈش، ئايال كىشى مۈرىسىنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرۈش؛

2. قىيامدا تۇرغاندا ئەر كىشى ئىككى قولىنى كىندىكىنىڭ ئاستىدا، ئايال كىشى كۆكسىنىڭ ئۈستىدە قويۇش؛

3. تەكبىرى تەھرىمگە قول كۆتۈرگەندە ئىككى قولىنى يېڭىدىن چىقىرىش؛

4. ئىمام بولغان كىشى نامازدا قىرائەتنى سۈننەتتە كۆرسىتىلگەن بويىچە ئوقۇش؛

5. يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى رۇكۇ ۋە سەجدىنىڭ تەسبىھلىرىنى ئۈچ قېتىمدىن ئارتۇق ھەم تاق ئوقۇش؛

6. سەجدە قىلغاندا ئەر كىشى تۆگۈلۈپ ئەمەس، ئىككى بىلىكىنى قورسىقىدىن، قورسىقىنى ئىككى يوتىسىدىن، ئىككى يوتىسىنى پاچىقىدىن يىراق تۇتۇش، ئايال كىشى بىلىكىنى قورسىقىغا ۋە يوتىسىغا چاپلاپ تۇرۇش؛

7. تۆت رەكەتلىك پەرز نامازلارنىڭ ئاخىرقى ئىككى رەكىتىدە ئىچىدە قىرائەت قىلىش؛

8. سۈرە فاتىھەنى باشلاشتىن ئىلگىرى «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىيم» دېيىش؛

9. نامازغا تولۇق ئۆلگۈرەلمىگەن كىشى ئۆلگۈرەلمىگەن قىسمىنى ئوقۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەي، ئىمام سالام بېرىپ بولغۇچە ساقلاپ تۇرۇش.

بەشىنچى باب

# نامازدا هارام بولغان ئىشلارنىڭ بايانى

• **نامازدا هارام بولغان ئىش - ھەرىكەتلەر ئۇمۇمەن توققۇزدۇر:**

1. نامازدا تۇرۇپ، يۈزىنى ئوڭ سول تەرەپكە بۇراپ قاراش؛

2. نامازدا ئاسمانغا قاراش؛

2. نامازدا تۆۋرۈك ياكى باشقا نەرسىلەرگە يۆلىنىپ تۇرۇش؛

3. سەجدىدە قول - پۇتىنىڭ بارماقلىرىنى يەردىن كۆتۈرۈش؛

4. تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا سول پۇتىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ ئولتۇرماي باشقىچە شەكىلدە، مەسىلەن، ئىت ئولتۇرۇشىدا ئولتۇرۇش؛

5. كىيىمىنى تۈزەشتۈرۈش، بەدىنىنى قاشلاش دېگەندەك نامازنىڭ ئىچىدىن بولمىغان ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن ئۈچ قېتىمدىن زىيادە ئوينىشىش؛

6. پەقەت بىر تەرەپكىلا سالام بېرىش؛

8. تەكبىر، سانا، تەشەھھۇد، تەسبىھ قاتارلىقلارنىڭ كەلىمىلىرىگە دەلىلسىز بىرەر كەلىمە قوشۇپ ئوقۇش؛

9. نامازنىڭ ۋاجىپلىرىدىن بىرەرسىنى قەستەن تەرك ئېتىش؛ ئەگەر شۇنداق قىلسا، ناماز بۇزۇلىدۇ.

ئالتىنچى باب

# نامازدىكى مەكرۇھلارنىڭ بايانى

مەكرۇھلار ھەممە ناماز ئوقۇغۇچىغا ئورتاق بولغان مەكرۇھلار ۋە بىر قىسىم كىشىلەرگە خاس بولغان مەكرۇھلار دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. نامازدا 59 مەكرۇھ بولۇپ، بۇلاردىن 42سى ئورتاق مەكرۇھلار، 17سى خاس مەكرۇھلاردۇر.

- **ئورتاق مەكرۇھلار:**

1. تەكبىرنى تەكرارلاپ ئېيتىش؛
2. ئايەت ۋە تەسبىھلەرنى ساناپ ئوقۇش؛
3. ئۆرە تۇرغاندا قولىنى بېلىگە قويۇپ تۇرۇش؛
4. (زۆرۈرىيەتسىز) يۆتىلىش؛
5. بۇرنىنى پۈرۈشتۈرمەك؛
6. بىرەر نەرسىنى پۈۋلەش ياكى پۈۋلىگەنگە ئوخشاش ئۈزۈن نەپەسلىنىش؛ بۇنداق قىلمىشلار يېنىدىكى ئادەم ئاڭلىمىغۇدەك بولسا، مەكرۇھتۇر. ئەمما، ئاڭلىغۇدەك ئۈنلۈك بولسا، ناماز بۇزۇلىدۇ؛
7. ئاغزىغا داچەن، يارماق دېگەندەك قىرائەتكە تەسىر يەتكۈزمەيدىغان كىچىك نەرسىلەرنى سېلىۋېلىش مەكرۇھتۇر.

ئەگەر قىرائەت قىلىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان چوڭ نەرسە بولسا، ناماز بۇزۇلىدۇ؛

8. رۇكۇ قىلغاندا بېشىنى يۇقىرىغا قاڭقايتىۋېلىش؛

9. چىش ئارىسىغا كىرىۋالغان گۆش، نان ئۇۋىقى ۋە تاماق قالدۇقلىرىنى يۇتۇش؛

10. نامازنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرەرسىنى تەرك ئېتىش؛

11. قىرائەتنىڭ ئاخىرىنى رۇكۇغا بارغاچ تاماملاش؛

12. «سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَهُ (سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدەھ)» ياكى «ربنا لك الحمد (رەببەنا لەكەلھەمد)»نى سەجدىگە كېتىۋېتىپ دېيىش؛

13. «اللّٰهُ اكْبَر (ئاللاھۇ ئەكبەر)»نى رۇكۇ ۋە سەجدىنىڭ ئىچىگە سۆرەپ كىرىش؛

14. سەجدىگە بارغاندا ئۆزرىسىز بولسىمۇ، ئىككى قولىنى ئىككى تىزىدىن بۇرۇن يەرگە قويۇش؛

15. نامازدا باغرى سۇنۇق، بىچارە ھالەتتە ئەمەس، ئەكسىچە ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، ھاكاۋۇر قىياپەتتە تۇرۇش مەكرۇھتۇر؛

16. سىڭايان ئولتۇرۇش؛

17. ئەسنىگەندىن باشقا ۋاقىتلاردا ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىش؛

18. كۆزىنى يۇمۇۋېلىش؛

19. نامازدا ئۇششاق تاشقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئورنىدىن يۆتكەش مەكرۇھتۇر. ئەگەر يۆتكىۋەتمىسە سەجدە قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرنى بىر - ئىككى قېتىم يۆتكەش مەكرۇھ ئەمەس؛ ئۇنىڭدىن كۆپ بولۇپ كەتسە، ناماز بۇزۇلىدۇ؛

20. نامازنى ئاخىرلاشتۇرماي تۇرۇپ پېشانىسىدىكى تەر ياكى توپىنى سۈرتۈش؛

21. سەجدىگە بارغاندا ياكى تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا كىيىملىرىنى ئاۋايلاپ يىغىپ تۇرۇش ياكى تون ۋە چاپىنىنىڭ پەشلىرىنى قىستۇرۇپ قويۇپ ناماز ئوقۇش؛

22. ئەسنەك كەلگەندە قايتۇرماي ئەسنەۋېرىش؛

23. كېرىلىش؛

24. نامازدا قول - پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى قايرىپ، قاس چىقىرىش؛

25. نامازدا ئۆرە تۇرغاندا ئېغىرلىقنى بىرلا پۇتىغا سېلىپ، يەنە بىر پۇتىنى بوش قويۇپ، ئارام ئالدۇرماق؛

26. رۇكۇدىن باشقا ۋاقىتلاردا قولنىڭ بارماقلىرىنى كېرىپ تۇرۇش؛

27. قىرائەتنى ئالدىراپ ئوقۇش؛

28. سەجدىدە بېشىنى دۈمبىسى بىلەن تۈز قىلماسلىق.

29. نامازدا ئۆزرىسىز بىر قەدەم مېڭىش. ئەگەر بىر قېتىمدا ئارقىمۇئارقا ئۈچ قەدەم ماڭسا، ناماز بۇزۇلىدۇ؛

30. نامازدا ئوڭ - سول تەرەپكە مىدىرلاپ، ئېغىناقلاپ تۇرۇش؛

31. نامازدا پىت، بۈرگە ۋە پاشىدەك نەرسىلەرنى ئۆلتۈرۈش. ئەگەر ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق ئۆلتۈرسە، ناماز بۇزۇلىدۇ؛

32. نامازدا تۇرۇپ تۈكۈرمەك؛

33. نامازدا ياكى باشقا ۋاقىتلاردا مەسجىدنىڭ بورىسىنىڭ

ئاستى ياكى ھەرقانداق ئەشيالىرىغا تۇكۇرۇش؛

34. نامازدا پىت، بۈرگە ۋە پاشىدەك نەرسىلەرنى يەرگە كۆمۈش؛

35. ئاز ھەرىكەت بىلەن ئايىقنى سىيلىش. ئەگەر بۇ ھەرىكەت بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، ناماز بۇزۇلىدۇ؛

36. نامازدا خۇشپۇراق نەرسىلەرنى پۇراش؛

37. كىيىمى بىلەن ياكى يەلپۈگۈچ بىلەن بىر - ئىككى قېتىم يەلپۈنۈش مەكرۇھ؛ ئۇنىڭدىن ئارتۇق يەلپۈنسە، ناماز بۇزۇلىدۇ؛

38. ئوخشاش بىرلا سۈرىنى ھەر نامازغا ئوقۇشنى ئادەت قىلىۋېلىش، باشقا نامازلارغا ئۇ سۈرىنى ئوقۇماسلىق؛

39. قۇرئان سۈرىلىرىنى تەرتىپى بويىچە ئوقۇماي، باشقا سۈرىگە ئاتلاپ كېتىش (ئەمما، ئاتلاپ ئوقۇغان بولسا ناماز بۇزۇلمايدۇ)؛

40. بىر سۈرىدىن بىر ئايەت ئوقۇپلا، باشقا بىر سۈرىدىكى ئايەتلەرگە يۆتكىلىش؛

41. ئىككى رەكەتلىك نامازنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە سۈرىنىڭ ئاخىرىنى، ئىككىنچى رەكئەتتە شۇ سۈرىنىڭ بېشىنى ئوقۇش ياكى ئالدى بىلەن سۈرىنىڭ ئاخىرىنى، كېيىن شۇ سۈرىنىڭ بېشىنى بىر رەكەتتە ئوقۇش؛

42. كىچىك بالىنى ئۆزرىسىز قۇچىقىغا ئېلىپ ناماز ئوقۇش (ئۆزرىلىك دېگىنىمىز: مەسىلەن، بالىغا قارايدىغان باشقا ئادەم يوق، بالا بەك يىغلاپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا، قۇچىقىغا ئالسا بولىدۇ)؛

- **خاس مەكرۇھلار:**

1. ئىمامنىڭ مەلۇم بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، ئۇنى نامازغا ئۈلگۈرۈۋالسۇن دەپ رۇكۇ قىلماي ياكى سالام بەرمەي ساقلاپ تۇرۇشى؛

2. پەرز نامازلاردا بىرىنچى رەكەتكە قارىغاندا ئىككىنچى رەكەتكە ئۇزۇن قىرائەت قىلىش؛

3. پەرز نامازلاردا رەھمەت ياكى غەزەپ ئايەتلىرىنى ئوقۇغاندا، مەنىسىنى ئويلاپ ئازراق توختاپ قىلىش؛

4. پېشانىسىنى يەرگە تەگكۈزمەي سەللە ياكى تۇماقنىڭ ئۈستىگە سەجدە قىلىش ياكى قولىنى چاپاننىڭ يېڭىدىن چىقارماي سەجدە قىلىش؛

5. قورسىقىنى يوتىسىغا، ئىككى بىلىكىنى يەرگە چاپلاپ تۇرۇپ سەجدە قىلىش؛

6. نامازدا تۇماق ياكى دوپپىسىنى ئاز ھەرىكەت بىلەن سېلىۋېتىش؛ ئەگەر ھەرىكەت كۆپ بولۇپ كەتسە، ناماز بۇزۇلىدۇ؛

7. نامازدا تۇماق ياكى دوپپىسىنى ئاز ھەرىكەت بىلەن كىيىش؛ ئەگەر ھەرىكەت كۆپ بولۇپ كەتسە، ناماز ئوخشاشلا بۇزۇلىدۇ؛

8. كۆپ جامائەتكە ئىمام بولغان كىشىنىڭ قىرائەتنى جامائەتكە ئېغىر كېلىدىغان دەرىجىدە ئۇزۇن قىلىشى؛ ئىمام بولغۇچى جامائەتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ قىرائەتنى ئۇزۇن ياكى قىسقا ئوقۇشى لازىم.

9. ئىمام بولغان كىشىنىڭ شەخسىي ئىشىنى دەپ نامازنى تېزراق ئوقۇشى.

10. ئىمامنىڭ ناماز جائىز بولغۇدەك مىقداردا يەنى قىسقا بولسا ئۈچ ئايەت، ئۇزۇن بولسا بىر ئايەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇيدىغان ئايەتنى تاپالمىغاندا، دەرھال رۇكۇغا كەتمەي، جامائەتنىڭ ئايەتنى ئېغىزىغا سېلىپ بېرىشىنى كۈتۈشى؛

11. كۈندۈزدە ئوقۇيدىغان نەپلى نامازلاردا قىرائەتنى ئۈنلۈك ئوقۇش.

12. قىرائەت مەخپىي ئوقۇلىدىغان نامازلاردا ئىمامنىڭ سەجدە ئايىتىنى ئوقۇشى مەكرۇھتۇر. ئەگەردە سەجدە ئايىتى سۈرىنىڭ ئاخىرىدا بولسا، مەكرۇھ ئەمەستۇر؛

13. پەرز نامازلاردا رەھمەت ياكى ئازاب ئايەتلىرىنى ئۆزرىسىز تەكرارلاپ ئوقۇش. ئەمما، نەپلى نامازلاردا مەكرۇھ ئەمەستۇر؛

14. پەرز نامازلارنىڭ ئىككى ياكى ھەر رەكئەتتە بىر سۈرىنى تەكرار ئوقۇش؛

15. ئەرلەرنىڭ چاپان ياكى كۆڭلەكلىرىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈپ قويۇپ ناماز ئوقۇشى مەكرۇھتۇر. ئەمما، ئاياللار شۇنداق قىلسا، نامىزى بۇزۇلىدۇ؛

16. رەھمەت ئايىتى ياكى غەزەپ ئايىتى ئوقۇلغاندا، ئىمامنىڭ كەينىدىكى جامائەتلەرنىڭ «سەدەقەللاھۇ تائالا ۋە بەللەغە رەسۇلۇھۇ» (ئاللاھ راست ئېيتتى ۋە پەيغەمبەر ھەقنى يەتكۈزدى) دېگەندەك سۆزلەرنى دېيىشى. چۈنكى، نامازدا جامائەتنىڭ ئىمامنىڭ قىرائىتىنى تىڭشاپ جىم تۇرۇشى لازىمدۇر؛

17. پەرز نامازلاردا ئۆزرىسىز تام ياكى تۈۋرۈكلەرگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش. ئەمما، نەپلە نامازلاردا جائىز بولىدۇ؛

- **ئەسكەرتىش:**

بەزى كىتابلاردا نامازدىكى بىر قىسىم مەكرۇھلار ھارام قىلىنغان ئەمەللەر قاتارىدىن سانالغان. يەنە بەزى كىتابلاردا مەكرۇھلار بىلەن ھارام قىلىنغان ئەمەللەرنى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش ئەھۋاللىرى مەۋجۇت. مەكرۇھ ئادەتتە «مەكرۇھ تەھرىيمي» ۋە «مەكرۇھ تەنزىيھىي» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئادەم بۇلارنى پەرقلەندۈرەلەيدۇ.

- **نامازدا يەنە تۆۋەندىكىدەك مەكرۇھلار بار:**

1. نامازدا بىرەر ۋاجىپ ياكى سۈننەتنى تەرك ئېتىش؛

2. چاپىنى ياكى تونىنىڭ يېڭىنى ساپماي، يېپىنچاقلاپلا ناماز ئوقۇش؛

3. پۈركەنچە ياكى ئەدىيال دېگەندەك نەرسىلەرنى مۈرىسىگە ئارتىپلا ناماز ئوقۇش؛

4. ھەرخىل جاندارلارنىڭ سۈرىتى بار جايدا ياكى سۈرەت چۈشۈرۈلگەن كىيىمدە ناماز ئوقۇش؛

5. ئادەملەر ئۆتۈپ تۇرىدىغان جايغا ئالدىنى قىلىپ ناماز ئوقۇش؛

6. مۇنچىدا ناماز ئوقۇش؛

7. قەبرىستاندا ناماز ئوقۇش؛

8. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلىدىغان جايدا ناماز

ئوقۇش؛

9. سېسىق پۇراق كېلىپ كۆڭۈلنى ئېلەشتۈرىدىغان جايدا ناماز ئوقۇش؛

10. ئالدىنقى سەپتە بوش يەر تۇرسا كەينىدىكى سەپتە تۇرۇپ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇش؛

11. چوڭ ئادەمنىڭ بالاغەتكە يەتمىگەن باللار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇشى؛

12. بۇت، ھەيكەل ياكى سۈرەت تىكلەپ قويۇلغان جايدا ناماز ئوقۇش؛

13. سىرتقا كىيىپ چىقالمايدىغان كونا ياكى ئىچ كىيىملەر بىلەن ناماز ئوقۇش؛

14. ئۆزرىسىز باشتاق ناماز ئوقۇش؛

15. تاھارەتنى قىستاپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش؛

16. باشقىلارنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش؛

17. نامازنىڭ تېشىدىكى بىر ئادەم ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمگە سالام قىلسا، ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ قول ئىشارىتى ياكى باشقا خىل ئۇسۇل بىلەن سالامغا جاۋاب قايتۇرۇشى؛

18. ئىمامنىڭ جامائەتتىن ئايرىلىپ پۈتۈنلەي مېھرابنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋېلىشى (توغرىسى ئىمام بىلەن جامائەتنىڭ ئارىسىدا جامائەت نورمال سەجدە قىلالىغۇدەك بىر سەپ مىقدارى ئورۇن تاشلاپ تۇرۇشتۇر). ئەگەر ئىمامنىڭ پۇتى مېھرابنىڭ سىرتىدا بولسا، ناماز جائىز بولىدۇ.

19. جامائەت ياقتۇرمايدىغان ئادەمنىڭ ئىمام بولۇشى؛

20. قولىنى سېرتىغا چىقىرالمايدىغان يېڭى يوق كىيىم بىلەن ناماز ئوقۇش مەكرۇھتۇر؛

21. سۈرەت ئالدىدا بولسا، ناماز ئوقۇش مەكرۇھ بولغاندەك، ئىككى تەرىپىدە ياكى ئۈستىدە بولسىمۇ مەكرۇھتۇر. پۇتىنىڭ ئاستىدا ياكى ئارقا تەرىپىدە بولسا، نامازغا دەخلىسى بولمايدۇ؛

22. ئىمام ئۈچ ئايەت ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن لوقما سېلىش؛

23. ئىمامنىڭ ئۆزى يالغۇز جامائەتتىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن جايدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشى؛ ئەمما، ئىمام بىرقانچە جامائەت بىلەن بىرگە تۇرسا مەكرۇھ بولمايدۇ؛

24. ئىمامنىڭ نامازدا تۇرۇپ، قىرائەتنى چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن يۆتىلىشى ياكى گېلىنى قىرىشى؛

25. توخۇ دان چوقۇغاندەك ئالدىراپ، قەددىنى تۈزلىمەيلا رۇكۇ ۋە سەجدىگە كېتىش؛

26. ئىككىنچى رەكەتنى ئاۋۋالقى رەكەتتىن ئۇزۇن قىلىش؛

27. نامازنىڭ سۈننەتلىرىنى تەرك ئېتىش.

يەتتىنچى باب

# نامازدىكى مۇباھلارنىڭ بايانى

مۇباھ مەكرۇھلۇق دەرىجىسىگە توشمايدىغان (سادىر بولۇپ قالسا ئەيىبلەنمەيدىغان)، شەرىئەتتە چەكلەنمەيدىغان ئىشلاردۇر.

نامازدىكى مۇباھلار «ئورتاق مۇباھلار» ۋە «خاس مۇباھلار» دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. نامازدا جەمئىي 11 مۇباھ بار بولۇپ، سەككىزى ئورتاق مۇباھ، ئۈچى خاس مۇباھتۇر.

- **ئورتاق مۇباھلار:**

1. نامازدا يۈزنى بۇرىماي تۇرۇپ، كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا ئوڭ - سولغا كۆز يۈگۈرتۈش؛

2. ئۆزرىلىك ئەھۋالدا سەجدە قىلىدىغان جاينى بىر قېتىملا سۈپۈرۈۋېتىپ ياكى بىرەر نەرسە بولسا، بىر چەتكىرەك سۈرۈۋېتىپ سەجدە قىلىش؛

3. ناماز ئوقۇۋاتقاندا يىلان ياكى چايانغا ئوخشاش بىرەر نەرسە كېلىپ قالسا، بىر قېتىمدىلا ئۇرۇپ ياكى دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتىش؛

4. ئېغىزىدا قىرائەت قىلىشقا دەخلى يەتكۈزمەيدىغان كىچىك

نەرسىلەرنىڭ بولۇشى؛

5. نامازدا ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشقا دەخلى يەتكۈزمەيدىغان نەرسىلەرنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇش. ئەمما، نامازنىڭ بىرەر ئەركانىغا دەخلى قىلسا، جائىز ئەمەستۇر؛

6. ئايەتنى قۇرئان كەرىمدىكى يېزىلىش تەرتىپى بويىچە ئوقۇماي بۇرۇن نازىل بولغان سۈرە بويىچە ئوقۇش؛

7. رۇكۇ ۋە سەجدىدە ياكى رۇكۇ ۋە سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە بەدىنىگە كىيىمىنىڭ چاپلىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن سىلكىش؛

8. نامازنىڭ بىرىنچى رەكئەتتە بىر سۈرىنىڭ ئاخىرىنى، يەنە بىر رەكئەتتە باشقا بىر سۈرىنىڭ ئاخىرىدىن بىر قانچە ئايەت ئوقۇش.

- **خاس مۇباھلار:**

1. نەپلى نامازدا بىر سۈرىنى قايتا ـ قايتا تەكرارلاپ ئوقۇش.

2. ئىمامنىڭ ئولتۇرۇشى ياكى ئۆرە تۇرۇشىنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ قالغىنىدا، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كەينىدىكى جامائەتنى كۆزىتىپ ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇش ياكى ئولتۇرۇشقا قارار بېرىش؛

3. تېنى ساغلام تۇرۇپ نەپلە نامازنى بىر نەرسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئوقۇش.

سەككىزىنچى باب

# نامازنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ بايانى

• **نامازنى بۇزىدىغان ئامىللار ئومۇمەن بەشتۇر:**

1. نامازدا قەستەن ياكى سەۋەن گەپ قىلىش؛

2. نامازدا تۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلۈش. بۇنىڭدا ھەم ناماز بۇزۇلىدۇ ھەم تاھارەت سۇنىدۇ؛

3. نامازنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ھېسابلانمايدىغان بىرەر ئىش - ھەرىكەتنى ئىككى قېتىمدىن كۆپ قىلىش؛

4. نامازنىڭ پەرزلىرىدىن بىرەرسىنى ئۆزرىسىز تەرك قىلىش؛

5. نامازدا تۇرۇپ تاھارىتى سۇنۇپ كېتىش.

• **كۆرسەتكۈچ بارماق ئىشارىتى قىلىش**

كۆرسەتكۈچ بارماق ئىشارىتى قىلىش تۆت مەزھەپ ئىماملىرىدىن رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھتىن مەشھۇر بولغان بىر رىۋايەتتە، «تەشەھھۇدتا ئولتۇرغاندا كۆرسەتكۈچ بارماق ئىشارىتى قىلمىسۇن» دېيىلگەن. شۇنىڭغا ئاساسەن، كاتتا - كاتتا ھەنەفىي ئالىم ۋە مۇجتەھىدلىرى ئىشارەت قىلماسلىق قارىشىنى ياقلىغان. «ئەددۇررۇل مۇختار» دىمۇ ئىشارەت قىلماسلىق ھەققىدە پەتىۋا

بېرىلگەن. ئەمما، كېيىنكى ھەنەفىي ئۆلىمالار ئىشارەت قىلىشنى كۆچلەندۈرگەن. ئىشارەت قىلىشنى كۈچلەندۈرگەن ئۆلىمالار «بۇرھان» ناملىق كىتابتا بايان قىلىنغان مۇنۇ ئۇسۇل بويىچە قىلىشنى جائىز دەپ قارىغان:

«تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇپ ‹التحيات› نى ئوقۇغاندا، قولىنى تىزى ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، ئوڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ‹لاَ إِلٰهَ› دېگەن لامنى تىلغا ئالغان ھامان كۆتۈرۈپ، ‹إِلَّا اللّٰهُ› دېگەندە تاشلاپ ئىشارەت قىلىنىدۇ. باشقا بارماقلارنى يۇمۇش ھەم ھالقا شەكلىدە قىلىش لازىم ئەمەس». ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھنىڭ مەزھىپىدە ئىككى شاھادەت ئارىسىدا چىمچىلاق ۋە نامسىز بارماقلىرىنى يىغىپ تۇرۇپ، ئوتتۇرا بارماق بىلەن باش بارماقنىڭ ئۇچىنى بىرلەشتۈرۈپ يۇملاق ھالقا شەكلىگە كەلتۈرۈپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلىدۇ. باشقا بارلىق مەزھەپلەردە «لاَ إِلٰهَ»دە كۆتۈرۈپ، «إِلَّا اللّٰهُ» دېگەندە تاشلايدۇ. ھەركىم ئەگەشكەن مەزھىپىگە ئۇيغۇن شەكىلدە بارماق ئىشارىتى قىلالىسا، قىلسۇن؛ ئەگەر سۈننەتكە ئۇيغۇن شەكىلدە قىلالماسلىقتىن ياكى ئالماشتۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرىسە، قىلمىسۇن. چۈنكى، بۇنىڭدا سۈننەتنى ئىجرا قىلمىغان دەپ مەكرۇھقا چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار[1].

[1] ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «شۈبھىسىزكى، بارماق ئىشارىتى شەيتانغا تۆمۈر (ئاتقان) دىنمۇ قاتتىق (تېگىدۇ)» دېگەن. بۇ ھەدىسنى ئىمام نەۋەۋىي، ھەيسەمىي، شۇئەيب ئەرنائۇت قاتارلىق ئالىملار «زەئىپ» دېگەن؛ ئەھمەد شاكىر «سەھىھ»، ئەلبانىي «ھەسەن» دېگەن. بۇ ھەدىسكە بېرىلگەن باھالاردىكى ئوخشىماسلىقنىڭ سەۋەبى راۋىيلارنىڭ ئىچىدە «كەسىر ئىبنى زەيد» ئىسىملىك بىرى بولغانلىقىدۇر. باشقا ھەدىس

# ئىككى رەكەت نامازنى ئۆلچەملىك ئوقۇش ئۇسۇللىرى

1. ناماز ئوقۇماقچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئۆلچەملىك تاھارەت ئالىدۇ؛

2. پاكىز كىيىملەرنى كىيىپ نامازغا تۇرىدۇ؛

3. نامازغا تۇرغاندا ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىنى تۆت بارماق مىقدارى قويۇپ، قىبلىگە قاراپ تۇرىدۇ.

---

شەرىفلەردە كېلىشىچە، بۇ ئىشارەتنىڭ بىرقانچە خىل شەكلى بار:

1 - كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىلا كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلىش.

2 - باش ۋە ئوتتۇرا بارماقنىڭ ئۇچىنى بىرلەشتۈرۈپ ھالقا شەكلىگە كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلىش.

3 - چىمچىلاق ۋە نامسىز بارماقلىرىنى يىغىپ، ئوتتۇرا بارماق بىلەن باش بارماقنىڭ ئۇچىنى بىرلەشتۈرۈپ ھالقا شەكلىگە كەلتۈرۈپ تۇرۇپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلىش.

4 - ئوڭ قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ھەممىنى يىغىۋېلىپ تۇرۇپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىلا كۆتۈرۈپ ئىشارەت قىلىش.

5 - تەشەھھۇدتا دۇئا قىلغاندا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ، ئاستى - ئۈستىگە بىر قانچە قېتىم ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئىشارەت قىلىش.

بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرئىي دەلىللەرگە تايانغانلىقى ئۈچۈن بىر ئادەم يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەش خىل ئىشارەتنىڭ قايسى بىرىنى قىلسا، ئۇنى خاتا قىلدىڭ دېمەسلىك، ھەتتا ئىشارەت قىلمىسىمۇ، نېمىشقا ئىشارەت قىلمىدىڭ؟ دەپ ئەيىبلىمەسلىك لازىم. ئەڭ ياخشىسى ئىختىلاپ پەيدا قىلماي، كۆپ سانلىق كىشىلەر ئىشارەت قىلىدىغان جايدا ئىشارەت قىلىش، ئىشارەت قىلمايدىغان جايدا ئىشارەت قىلماسلىق، ئىشارەت قىلمىدى دەپ بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولماسلىق لازىم.

4. ئوقۇماقچى بولغان نامىزىنىڭ نىيىتىنى دىلى ۋە تىلى بىلەن قىلىش. مەسىلەن، «نىيەت قىلدىم ئۆتەرمەن بامدات نامازىنىڭ ئىككى رەكەت سۈننىتىنى، ئۇشبۇ ۋاقتى بىلەن، يۈزۈم قىبلىگە، قىبلەم بىجىھەتى كەبە، خالىسەن لىللاھى تائالا، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا كىرىدۇ. ئەگەر جامائەتلىك پەرز ناماز بولسا: «ئىقتىدا قىلدىم ھازىر ئىمامغا، ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ نامازغا كىرىپ كېتىدۇ؛

5. تەكبىرى تەھرىمدە ئىككى قولىنىڭ ئالىقىنىنى قىبلە تەرەپكە قارىتىپ، بارماقلىرىنى ئوچۇق ھالەتتە تۇتۇپ، باش بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە كۆتۈرىدۇ؛ ئايال كىشى مۈرىسىگىچە كۆتۈرىدۇ؛

6. ئەگەر ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغان بولسا، تەكبىر تەھرىمنى ئىمامغا ئەگەشتۈرۈپلا قىلىدۇ؛

7. ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئوڭ قولىنىڭ باش بارمىقى بىلەن چىمچىلاق بارمىقىنىڭ ئۇچىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈپ، ھالقا شەكلىگە كەلتۈرۈپ، سول قولىنى بېغىشىغىچە باغلاپ كىندىكىنىڭ ئاستىدا تۇتۇپ تۇرىدۇ؛

8. سەجدە قىلىدىغان يېرىگە قاراپ تۇرىدۇ؛

9. «سُبْحَانَكَ اللّٰهـمّ وَبِحَمْدِكَ، تَبَارَكَ اسْمُكَ، وَتَعَالىٰ جَدُّكَ، وَلا إِلٰهَ غَيْرُكَ» دېگەن سانانى ئوقۇيدۇ؛

10 - «أَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنْ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ» ۋە «بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيم»نى ئوقۇيدۇ؛

11. سۈرە فاتىھە ئوقۇيدۇ؛

12. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچى بولسۇن ياكى يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى بولسۇن، سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولۇپ، «وَلَا الضَّالِّيْنَ» دېگەندە ئىچىدە «آمِيْن» دەيدۇ؛

13. سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ئاز دېگەندە قىسقا ئۈچ ئايەت ياكى ئۇزۇن بىر ئايەت ئوقۇيدۇ؛

14. ئىمامغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇغۇچىلار ئىمامنىڭ قىرائىتىنى تىڭشاپ جىم تۇرىدۇ؛

15. ئايەتنى دانىمۇدانە، ئالدىرىماي، توغرا ۋە ناھايىتى ئوچۇق ئوقۇيدۇ؛

16. قىرائەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن رۇكۇغا بارىدۇ؛

17. رۇكۇدا قولنىڭ بارماقلىرىنى ئېچىپ، تىزنى چىڭ قاماللاپ تۇرىدۇ، بېشىنى دۈمبىسى بىلەن تەڭ تۇتىدۇ؛

18. رۇكۇدا ئىككى بىلىكنى قولتۇقىغا چاپلاپ تۇرمايدۇ؛

19. رۇكۇدا «سُبْحَانَ رَبِّيَ العَظِيْم»نى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم دەيدۇ. ئۈچتىن ئارتۇق تاق دېسە ياخشى؛

20. ئىمام «سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَه» دېگەندە جامائەت «رَبَّنَا لَكَ الحَمْدُ» دەيدۇ؛

21. يالغۇز ناماز ئوقۇغۇچى «سَمِعَ اللّٰهُ لِمَنْ حَمِدَه»نى ھەم «رَبَّنَالَكَ الحَمْدُ» ھەرئىككىلىسىنى دەيدۇ؛

22. رۇكۇدىن باش كۆتۈرگەندە قەددىنى تۈزلەپ تىك تۇرىدۇ؛

23. سەجدىگە بارغاندا ئاۋۋال ئىككى تىزنى، ئاندىن ئىككى قولنى، ئاندىن بۇرنىنى، ئەڭ ئاخىرىدا پېشانىسىنى ئارقا ـ

ئارقىدىن يەرگە قويىدۇ؛

24. سەجدە قىلغاندا ئىككى ئالقىنىنى يەرگە قويۇپ، ئوتتۇرىسىغا يۈزىنى قويىدۇ. ئىككى قولىنى يۈزىگە بەك يېقىن قويۇۋېلىپ يۈزىگە تېگىپ قالماسلىقى ياكى يۈزىدىن بەك يىراق قويماسلىقى لازىم. باش بارمىقىنى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنىڭ ئۇدۇلىدا قويىدۇ؛ بارماقلىرىنى بىر ـ بىرىگە چاپلاپ، ئۇچىنى قىبلىگە قارىتىدۇ؛ ئىككى بىلىكىنى قولتۇقىدىن ۋە قورسىقىنى يوتىسىدىن ئاجرىتىپ تۇتىدۇ؛

25. رۇكۇ ۋە سەجدىنى ئۇزۇنراق قىلىدۇ؛

26. سەجدىدە «سُبْحَانَ رَبِّيَ الأَعْلَى»نى ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم دەيدۇ. ئاق دېمىسە ياكى ئۈچتىن ئاز دەپ قويسا، سۈننەت تەرك بولىدۇ؛

27. سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە ئالدى بىلەن پېشانىسىنى ئاندىن بۇرنىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن «اللّٰهُ أَكْبَرُ»نى دەپ ئىككى قولىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تىزىنى ئارقا ـ ئارقىدىن يەردىن كۆتۈرىدۇ؛

28. ئىككى سەجدە ئارىسىدا بېشىنى ۋە دۈمبىسىنى تۈزلەپ، بىردەم ئارام ئېلىپ ئولتۇرىدۇ؛ توخۇ دان چوقۇغاندەك تېز سەجدە قىلسا، ناماز دۇرۇس بولمايدۇ؛

29. ئىككى سەجدە ئارىسىدا «اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِي وَارْحَمْنِي وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي وَارْفَعْنِي وَاَجِرْنِي مِنَ النَّارِ»نى ئوقۇسا بولىدۇ؛

30. ئىككىنچى سەجدىنىمۇ ئالدىنقى سەجدىگە ئوخشاش قىلىدۇ؛

31. ئىككىنچى رەكەتكە تۇرغاندىن كېيىن بىرىنچى رەكەتتىكىگە ئوخشاش قول باغلاپ تۇرۇپ، «بِسْمِ اللهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ» دەپ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ؛ سۈرە فاتىھەنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن «آمِيْن» دەپ ئالدىنقى رەكەتتىكىگە ئوخشاش بىر سۈرە قوشۇپ ئوقۇيدۇ؛

32. قىرائەت تامام بولغاندىن كېيىن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىدۇ؛

33. ئىككىنچى سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندىن كېيىن سول پۇتىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئوڭ پۇتىنى تىكلەپ، بارماقلىرىنى قىبلىگە قارىتىپ ئولتۇرىدۇ؛

34. ئىككى قولىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بارماقلىرىنى ئىختىيارىي قويۇپ بېرىپ، «اَلتَّحِيَّاتُ لِلّٰهِ وَالصَّلَوَاتُ وَالطَّيِّبَاتُ السَّلَامُ عَلَيْكَ أَيُّهَا النَّبِيُّ وَرَحْمَةُ اللهِ وَبَرَكَاتُهُ السَّلَامُ عَلَيْنَا وَعَلَىٰ عِبَادِ اللهِ الصَّالِحِينَ، أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ»نى ئوقۇيدۇ؛

35. ئەگەر تۆت رەكەتلىك ناماز بولسا، يۇقىرىقى تەشەھھۇدنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۈچىنچى رەكەتكە تۇرۇپ كېتىدۇ؛ ئىككى رەكەتلىك ناماز بولسا ياكى تۆت رەكەتلىك نامازنىڭ ئىككىنچى تەشەھھۇدى بولسا، تۆۋەندىكى ئىككى دۇرۇت بىلەن دۇئانى تولۇق ئوقۇيدۇ:

«اَللَّهُمَّ صَلِّ عَلَىٰ مُحَمَّدٍ وَعَلَىٰ آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا صَلَّيْتَ عَلَىٰ إِبْرَاهِيمَ وَعَلَىٰ آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيدٌ». «اَللَّهُمَّ بَارِكْ عَلَىٰ مُحَمَّدٍ وَعَلَىٰ آلِ مُحَمَّدٍ كَمَا بَارَكْتَ عَلَىٰ إِبْرَاهِيمَ وَعَلَىٰ آلِ إِبْرَاهِيمَ إِنَّكَ حَمِيدٌ مَجِيد». «اَللّٰهُمَّ رَبَّنَا آتِنَا فِي الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِي الآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّار ».

بەزى رىۋايەتلەردە «اللّٰهُمَّ إني أعوذ بك من عذاب القبر، وأعوذ بك من فتنة المسيح الدجّال، وأعوذ بك من فتنة المحيا والممات. اللّٰهُمَّ إني أعوذ بك من المأثم والمغرم» ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان؛

36. ئەگەر تۆت رەكەتلىك ناماز بولسا، بىرىنچى ئولتۇرۇشتا تەشەھھۇدنىلا ئوقۇپ، دۇرۇت ۋە دۇئانى ئوقۇمايلا ئۈچىنچى رەكەتكە تۇرۇپ كېتىدۇ؛

37. ئالدىنقى رەكەتلەرگە ئوخشاش «بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيم»نى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن سۈرە فاتىھەنى ئوقۇيدۇ. (پەرز نامازنىڭ) ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى رەكىتىدە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن ئايەت قوشۇپ ئوقۇلمايدۇ. سۈرە فاتىھەدىن كېيىنلا «آمِيْن» دەپ، ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى رەكەتنىڭ رۇكۇسىغا كېتىدۇ؛

38. ئاخىرقى ئولتۇرۇشتا يۇقىرىقى تەشەھھۇد ۋە ئىككى دۇرۇت بىلەن دۇئانى تولۇق ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن سالام بېرىدۇ. سالامنى ئالدى بىلەن ئوڭ تەرىپىگە يۈزىنى بۇراپ «اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ» دەيدۇ ۋە ئوڭ تەرەپتىكى جامائەتلەر بىلەن پەرىشتىلەرنى نىيەت قىلىدۇ؛ ئاندىن سول تەرىپىگە يۈزىنى بۇراپ، «اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ» دەپ سالام بېرىپ نامازدىن چىقىدۇ ۋە سالام بىلەن سول تەرەپتىكى جامائەتلەرنى ۋە پەرىشتىلەرنى نىيەت قىلىدۇ. ئىقتىدا قىلغۇچىلار ئىمام بار تەرەپكە سالام بەرگەندە، ئىمامنىمۇ قوشۇپ نىيەت قىلىدۇ. سالامدىن كېيىن «اللّٰهُمَّ أَنْتَ السَّلام، وَمِنْكَ السَّلام، تَبارَكْتَ يا ذا الجَلالِ وَالإِكْرام»نى ئوقۇيدۇ، ئاندىن «اَللّٰهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ

وَحُسْـنِ عِبَادَتِكَ» نـى ئوقۇيـدۇ، ئانـدىـن «اللَّهـمَّ إِنِّي ظَلَمْتُ نَفْسِي ظُلْمًـا كثِـيرًا، وَلا يَغْفِر الذُّنـوبَ إلاَّ أَنْتَ، فَاغْفِر لي مغْفِـرَةً مِن عِنْدِكَ، وَارحَمْـني، إِنَّـكَ أَنْتَ الْغَفـور الرَّحِيم» نى ئوقۇپ، دۇئـا قىلغان ھالدا قولىنـى ئاغزىنـىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرىـدۇ، دۇئانـى تۈگەتكەنـدە قولىنـى يۈزىگـە سۈرتىدۇ ياكـى «ئايەتۇلكۇرسـي» نى ئوقۇيـدۇ. ئۇنىڭدىـن كېيىـن «سۇبھانەللاھ» نى 33، «ئەلھەمدۇلىللاھ» نـى 33، «ئاللاھـۇ ئەكبەر» نـى 34 قېتىـم ئوقۇيـدۇ. سـالامدىن كېيىنلا كەلىمە تەۋھىدنى ئوقۇش سۈننەتتۇر. نامازنى ئەيمىنىش ئىچىدە، ئاجىزلىقىنـى ئىزھـار قىلىـپ تـۇرۇپ ئوقـۇش لازىمـدۇر. بىپەرۋالىق بىلەن ئوقۇغان نامازغا ساۋاب بولمايدۇ. ناماز ئوقۇغۇچى ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھۇزۇرى قەلب بىلەن تۇرۇپ دەرد ئېيتىۋاتقاندەك ئېتىقادتا بولۇشـى لازىم.

ئاللاھ تائالا ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر!

# پەرز نامازلاردىن كېيىن ئوقۇلىدىغان زىكىرلەر

أَسْتَغْفِرُ اللهَ، أَسْتَغْفِرُ اللهَ، أَسْتَغْفِرُ اللهَ.

اللّٰهُمَّ أَنْتَ السَّلامُ، وَمِنْكَ السَّلام، تَبارَكْتَ يا ذا الجَلالِ وَالإِكْرام.

لا إِلَهَ إلاّ اللهُ وَحْدَهُ لا شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ المُلْكُ ولَهُ الحَمْدُ، وَهُوَ عَلىٰ كلّ شَيءٍ قَدير، اللّٰهُمَّ لا مانِعَ لِما أَعْطَيْتَ، وَلا مُعْطِيَ لِما مَنَعْتَ، وَلا يَنْفَعُ ذا الجَدِّ مِنْكَ الجَدُّ.

لا إِلَهَ إلاّ اللهُ، وحدَهُ لا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ المُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ، وَهُوَ عَلىٰ كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٌ، لا حَوْلَ وَلا قوَّةَ إلاّ بِاللهِ، لا إلهَ إلاّ اللهُ، وَلا نَعْبُدُ إلاّ إيّاه, لَهُ النِّعْمَةُ وَلَهُ الفَضْلُ وَلَهُ الثَّناءُ الحَسَنُ، لا إلهَ إلاّ اللهُ مخْلِصينَ لَهُ الدِّينَ وَلَوْ كَرِهَ الكافِرُونَ.

«سُبْحانَ اللهِ» 33 قېتىم «اَلحَمْدُ لِلّٰهِ» 33 قېتىم «اَللهُ أَكْبَرُ» 33 قېتىمدىن ئوقۇلىدۇ.

لا إلهَ إلاّ اللهُ وَحْدَهُ لا شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ المُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ، وَهُوَ عَلىٰ كُلِّ شَيءٍ قَدِيْرٌ.

أَعُوذُ بِاللهِ مِنْ الشَّيْطانِ الرَّجِيم

اللهُ لاَ إِلَـهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ مَن ذَا الَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِّنْ عِلْمِهِ إِلاَّ بِمَا

شَاءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ.[آية الكرسى - البقرة ٢٥٥]

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيم

قُلْ هُوَ اللهُ أَحَدٌ، اللهُ الصَّمَدُ، لَمْ يَلِدْ وَلَمْ يُولَدْ، وَلَمْ يَكُن لَّهُ كُفُوًا أَحَدٌ.

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيم

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ الْفَلَقِ، مِنْ شَرِّ مَا خَلَقَ، وَمِنْ شَرِّ غَاسِقٍ إِذَا وَقَبَ، وَمِنْ شَرِّ النَّفَّثَٰتِ فِى الْعُقَدِ، وَمِنْ شَرِّ حَاسِدٍ إِذَا حَسَدَ.

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيم

قُلْ أَعُوذُ بِرَبِّ النَّاسِ، مَلِكِ النَّاسِ، إِلَٰهِ النَّاسِ، مِنْ شَرِّ الْوَسْوَاسِ الْخَنَّاسِ، الَّذِى يُوَسْوِسُ فِى صُدُورِ النَّاسِ، مِنَ الْجِنَّةِ وَالنَّاسِ.

لا إِلٰهَ إِلاّ اللهُ وَحْدَهُ لا شَرِيْكَ لَهُ، لَهُ المُلْكُ وَلَهُ الحَمْدُ، يُحْيِي وَيُمِيتُ وَهُوَ عَلٰى كُلّ شيْءٍ قديْرٌ.

اَللّٰهُمَّ إِنِّي أَسْأَلُكَ عِلْماً نافِعاً وَرِزْقاً طَيِّباً، وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً.

اَللّٰهُمَّ أَجِرْنِي مِنْ النَّارِ.

اَللّٰهُمَّ أَعِنِّي عَلَى ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبادَتِكَ.

### ۋىتىر نامىزىدا ئوقۇلىدىغان قۇنۇت دۇئاسى

١. اَللّٰهمّ اهْدِنا فِيْمَنْ هَدَيْتَ وَعَافِنا فِيْمَنْ عَافَيْتَ وَتَوَلّنا فِيْمَنْ تَوَلّيْتَ وَبَارِكْ لَنَا فِيْمَا أَعْطَيْتَ وَقِنا شَرّ مَا قَضَيْتَ إِنّكَ تَقْضِي وَلَا يُقْضىٰ عَلَيْكَ إِنّهُ لا يَذِلُّ مَنْ وَالَيْتَ تَبارَكْتَ رَبّنا وَتَعالَيْتَ).

٢. اَللّٰهـمّ إِنّـا نَسْـتَعِينُكَ وَنَسْـتَهْدِيْكَ ونَسْـتَغْفِرُكَ وَنَتُـوْبُ إِلَيْـكَ وَنُؤْمِـنُ بِـكَ وَنَتَـوَكَّلُ عَلَيْـكَ وَنُثْنِي عَلَيْـكَ الخَيْرَ كلّـهُ نَشْـكُرُكَ وَلا نَكْفُـرُكَ وَنَخْلَـعُ وَنَـتْرُكُ مَـنْ يَفْجُـرُكَ اَللّٰهـمّ إِيّـاكَ نَعْبُدُ وَلَـكَ نُصَلّي وَنَسْـجُدُ وَإِليْـكَ نَسْـعَىٰ ونَحْفِـدُ نَرْجُـو رَحْمَتَـكَ وَنَخْشَىٰ عَذابَـكَ إِنَّ عَذابَـكَ الجِـدَّ بِالكُفّـارِ مُلْحِـقٌ.

## سۇترە مەسلىسى

دالا ياكـى يـول ئۇسـتىدە نامـاز ئوقۇشـقا توغـرا كەلگەنـدە، تومـلۇقـى باشـمالتاقچىلىك، ئۇزۇنلۇقـى بىـر گـەز (تەخمىنـەن 46 سـانتىمېتىرغا تـەڭ) كەلگـۈدەك بـىر تـال تاياق ياكـى شـۇنىڭغا ئوخشـاش بىـرەر نەرسـىنى ئالدىغـا تىكلـەپ، سـۈترە قىلىـپ نامـاز ئوقـۇش لازىـم. چـوڭ مەسـجىدلەردە ئالدىغـا بىـر نەرسـە سـۈترە قىلمـاي نامـاز ئوقۇغانـدا، باشـقىلار نامـاز ئوقۇغۇچىنىـڭ ئالدىـدىن ئۆتـۈشـكە توغـرا كەلسـە، سـەجدە قىلىدىغـان يېرىدىـن ئەمـەس، يىراقـراق يېرىدىـن ئۆتسـە گۇناھـكار بولمايـدۇ.

ئەمما، مەسـجىد كىچىـك بولـۇپ، نامـاز ئوقۇغۇچى بىلەن قىبلە تامنىـڭ ئارىلىقىـدا سـەجدە قىلىدىغـان يەردىـن باشـقا بـوش يـەر بولمىغـان ئەھـۋال ئاسـتىدا بىـر ئـادەم نامازنىڭ ئالدىدىـن ئۆتكەن بولسـا، ئـۇ ناھايىتى چـوڭ گۇناھـكار بولىدۇ.

مەسـجىدتە يالغـۇز نامـاز ئوقۇغانـدا، تـۆۋرۈك دېگەنـدەك بىـرەر نەرسـىنىڭ ئارقىسـىدا تـۇرۇپ ياكـى ئالدىدىن ئـادەم ئۆتمەيدىغان چەتـرەك بىـر جاينـى تېپىـپ نامـاز ئوقـۇش لازىم.

ئەممـا، جامائـەت ئىمامغـا ئىقتىـدا قىلىـپ نامـاز ئوقۇغانـدا،

نامازنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلسە، ئىمامنىڭ ئالدىدىن ئەمەس، جامائەتنىڭ ئالدىدىن ئۆتسە بولىدۇ. چۈنكى، ئىمام بىلەن ئوقۇلغان ناماز، ئىمام بىلەن باغلىنىپ كەتكەن بولىدۇ، جامائەتنىڭ نامىزىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

مۇبارەك ھەدىسلەردە مۇنۇلار كەلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «نامازخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن كىشى بۇنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىدىن 40 (يىل) ساقلاپ تۇرغان بولاتتى»[1].

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «نامازخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن كىشى بۇنىڭ نەقەدەر ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىدىن، 100 يىل ساقلاپ تۇرۇشنى تاللىغان بولاتتى»[2].

يەنە ئىمام مالىك رەھىمەھۇللاھ كەئبۇلئەھبار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنۇلارنى رىۋايەت قىلىدۇ: «نامازخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن كىشى بىلسە ئىدى، يەر يۇتۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن نامازخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىنىدىن ياخشىراق بولاتتى»[3].

يەنە بىر رىۋايەتتە، «نامازخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەنلىكىدىن

---

[1] سەھىھۇل بۇخارىي، 510 ـ نومۇرلۇق ھەدىس. بۇ ھەدىستە قىرىق يىل ياكى ئاي، كۈن ئىكەنلىكىنى ئېيتىلمىغان.

[2] سۈنەن ئىبنى ماجە، دارۇل جىيل نەشرىياتى، 5 ـ باسما، 946 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[3] مۇۋەتتا مالىك، 35 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

يەر يۇتۇپ كېتىشى يەڭگىللەرەك بولار ئىدى» دېيىلگەن[1].

خۇلاسە كالام شۇكى، سەھرادا ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى چوقۇم 46 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاياقتا ئوخشاش بىرەر نەرسىنى سول ياكى ئوڭ قېشىنىڭ ئوتتۇرىغا ئۇدۇللاپ، سەجدىگاھىنىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويۇپ ناماز ئوقۇشى لازىم. ئۇنداق قىلماي ناماز باشلىسا، گۇناھكار بولىدۇ. كىچىك مەسجىدنىڭ ئىچىدە سۇترە تىكلەشنىڭ كېرىكى يوق، ئەمما ئادەم ئۆتىدىغان يەردىن ئۇزاقراق يەردە ناماز ئوقۇشى لازىمدۇر. كىچىك مەسجىدتە ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن ئادەم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغاندەك، قاتتىق گۇناھكار بولۇپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولىدۇ.

[1] دۇرەر سائادىيىيەدىن نەقىل قىلىنغان.

# نامازغا ئەھمىيەت بېرىش ھەققىدە

ناماز پۈتۈن ئىبادەتلەرنىڭ تۈۋرۈكى ۋە ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(مۇسۇلمان) كىشى بىلەن كۇپرى ئارىسىدىكى پەرق نامازنى تەرك ئېتىشتۇر»[1] يەنى نامازنى تەرك ئېتىش كۇپرىلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

يەنە بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن: «بىز بىلەن ئۇلار ئارىسىدىكى ئەھدە نامازدۇر. كىمكى نامازنى قەستەن تاشلىسا، كاپىر بولىدۇ»[2].

ئەبۇ دەردائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: چىن دوستۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئۆلتۈرۈلسەڭمۇ، كۆيدۈرۈلسەڭمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمە! خوتۇن، بالىچاقا، پۇل - ماللىرىڭدىن ئايرىلىشقا بۇيرۇغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز ئاتا - ئاناڭغا بويۇنتاۋلىق قىلما! پەرز نامازنى قەستەن تەرك ئەتمە! پەرز نامازنى قەستەن تەرك

[1] سەھىھ مۇسلىم، 82 - نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] سۈنەن تىرمىزىي، 2621 - نومۇرلۇق ھەدىس.

ئەتكەن كىشىدىن ئاللاھنىڭ ئەھدىسى ئاجراپ كېتىدۇ»[1]

يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭدىن مەغپىرەت ئەھدىسىنى تارتىۋېلىپ، مەغپىرىتىدىن يىراقلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەرقانداق كىشى بەش نامازنى تاشلىماي، داۋاملىق ئادا قىلسا، ناماز ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى نۇر، دەلىل ۋە نىجاتلىق بولىدۇ. (ئەكسىچە) نامازنى قەستەن تاشلىغان ئادەم قىيامەت كۈنى نۇر، دەلىل ۋە نىجاتلىقتىن مەھرۇم قالىدۇ؛ قىيامەت كۈنى پىرئەۋن، ھامان، قارۇن ۋە ئۇبەي ئىبنى خەلەف قاتارلىق (دىن دۈشمەنلىرى) بىلەن بىر سەپتە، بىر يەردە بولىدۇ»[2].

مەزكۇر ھەدىسلەرگە ئاساسەن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ نامازنى قەستەن تەرك ئەتكۈچىنى كاپىر بولىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغان. ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھ بۇنداق ئادەم كاپىر بولىدۇ ھەم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ دەپ قارىغان. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ ئۆلگەنگە قەدەر زىندانغا تاشلىنىدۇ دەپ قارىغان. نامازنى قەستەن تەرك ئەتكۈچى دەرھال كاپىر بولمىغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئەھۋال ئۇنى ئاقىۋەتتە كۇپۇرلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. ئىمانسىز كېتىش خەتىرى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىندۇر.

ئاللاھ ھەممىمىزگە بۇنىڭدىن پاناھ بەرسۇن!

---

[1] ئەبۇ بەكر ئىبنى خەللال: «ئەسسۇننە»، 1396 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

[2] تەھاۋىي: «شەرھۇ مۇشكىلىل ئاسار» 3180 ـ نومۇرلۇق ھەدىس.

*روزى مەھشەردە خۇدايا زۇلجالال،*
*بەش نامازدىن ئەۋۋەلەن قىلغاي سوئال.*

ئۇلۇغ ئاللاھ بارچە بەندىلىرىگە تەۋپىق، ھىدايەت ئاتا قىلىپ، ئىلاھىي ھۆكۈملەرگە يېپىشقىلى نېسىپ قىلسۇن! ئامىن! ئامىن! ئامىن!

ئى ئاللاھ! «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دېگەن شاھادەت كەلىمىسىنى بىزنىڭ دۇنيادىن كېتىش ئالدىدىكى ئاخىرقى سۆزىمىز قىلسۇن!

*مەھشەر كۈنى بولىدۇ دەھشەت،*
*تۇنجى سوراق بولغاچقا ناماز.*
*تەمەيىم بار مېنىڭ دۇئادىن،*
*ھەر كىشى گەر ئوقۇسا ناماز.*
*چۈنكى، مەن بىر ئازغۇن، گۇناھكار،*
*لېكىن مېنى قۇتقۇزار ناماز.*

ھىجرىيە 1401 ـ يىل، مۇبارەك رامىزان ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنى

# تەرجىماندىن ئىلاۋە

- رامىزان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ۋاقىتلاردا قىلىشقا تېگىشلىك كۈندىلىك ئەمەل - ئىبادەتلەر:

1. رامىزان ئېيى ئەمەل - ئىبادەتلەرنىڭ ئەجىر - مۇكاپاتى ھەسسىلەپ كۆپىيىدىغان، مۇسۇلمانلار ساۋاب - ئەجىرلەردىن مول ھوسۇل ئالىدىغان ۋە روھىنى پاكلاپ، ئاللاھقا يېقىنلىشىدىغان مۇبارەك ئايدۇر. رامىزان ئېيىتى ئاللاھ راۋا كۆرمەيدىغان گۇناھ - مەسىيەتلەردىن قول ئۈزۈپ، ئەمەل - ئىبادەتكە قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۆزىنى ئۆزگەرتىدىغان ياخشى پۇرسەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدىغان بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى ھۇرۇنلۇق قىلىپ، غەپلەتتە ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك، ئەمەل - ئىبادەتلەردە باشقىلارغا ئۈلگە بولۇش لازىم. چۈنكى، پۇرسەت غەنىيمەتتۇر. بەلكى بۇ يىللىق رامىزان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى رامىزىنى بولۇپ، كېلەر يىللىق رامىزانغا ئۇلىشالماي قېلىشى مۇمكىن.

2. رامىزاننىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە خۇشال بولۇش.

3. رامىزان ئېيىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ قەلبنى ئىسلاھ قىلىپ، تەقۋادارلىقنى ئاشۇرۇشقا بەل باغلاش.

4. باشقىلاردىن، بولۇپمۇ ئاتا - ئانىدىن ھەردائىم كەچۈرۈم سوراپ تۇرۇش

5. قەلبنى ھەسەتتىن پاكلاش، ئۇنىڭ ئورنىغا ساۋابلىق ئىشلارنى ئويلاش ئارقىلىق شەيتانغا يوچۇق قويماسلىق.

6. باشقىلارغا تىل - ئاھانەت قىلىپ، ئەزىيەت يەتكۈزۈش ۋە ئۇياتسىز سۆزلەرنى قىلىش ۋە غەيۋەت - شىكايەتلەر سەۋەبلىك جاپا تارتىپ تۇتقان روزىنىڭ ساۋابىنى بىكار قىلىۋەتمەسلىك.

7. گۇناھلاردىن قول ئۈزۈپ، ئاللاھقا ھەقىقىي يوسۇندا تەۋبە قىلىش.

8. رامىزان مەزگىلىدە مەلۇم بىر ساۋابلىق ئىشنى تەرك ئەتمەي قىلىمەن دەپ بەل باغلاش ۋە شۇنىڭغا ئەمەل قىلىش، قەتئىي بەل قويۇۋەتمەي ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇش.

9. تېلېفوننىڭ ئۇچۇر - ئالاقە ۋاسىتىلىرى، تېلېۋىزور پروگراممىلىرى، بازار ئايلىنىش، ئۈزۈنغا سوزۇلغان يەپ - ئىچىش ۋە قۇرۇق پاراڭلار ۋاقتىڭىزنى ئوغرىلاپ كەتمىسۇن!

11. كىچىك باللارنى رامىزانغا ئادەتلەندۈرۈش، چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئەمەل - ئىبادەتكە قىزىقتۇرۇش.

11. كېچىسى ئەمەل - ئىبادەت قىلدىم دەپ كۈندۈزى ئۇخلاپ، نامازنىڭ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىشتىن ساقلىنىش.

12. كۆچىنىڭ يېتىشچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە قىلىۋالغان ساۋابلىق ئىشلىرىغا خۇشال بولۇش. شەيتاننىڭ ساۋابلىق ئىشلاردىن توسقۇنلۇق قىلىشىغا يول قويماسلىق.

13. ئاز - ئازدىن بولسىمۇ باشقىلارغا يوشۇرۇن ھالەتتە سەدىقە، خەير - ئېھسانلارنى ئۈزۈپ قويماسلىق. ئەمەللەرنىڭ ئاز بولسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملاشقانلىقى بىر مەزگىل كۆپ

قىلىپ، توختاپ قالغىنىدىن ياخشىدۇر.

14. ئۆزى ئوقۇغان ۋە تەراۋىھ نامازلىرىدا ئوقۇلغان ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى قۇرئاننىڭ تەرجىمىسى ياكى تەپسىر كىتابلىرىدىن بىلىۋېلىشقا تىرىشىش.

15. ئۆزىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا، ئايال ـ بالىلىرىغا، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىگە، ھۆكۈمدارلارنىڭ ھىدايىتىگە، تۇل خوتۇن، يېتىم ـ يېسىر، ئاجىز ـ بىچارىلەرگە، ياشلارنىڭ ھىدايەت يولىغا مېڭىشىغا، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا، بولۇپمۇ مۇجاھىدلارنىڭ غەلىبە قىلىشىغا دۇئا قىلىشنى ئۇنتۇماسلىق.

16. رامىزانلىق نەرسە ـ كېرەك سېتىۋالغاندا ئۆزىنىلا ئەمەس، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەر ۋە قولۇم ـ قوشنىلىرىنىمۇ ئويلاپ، ئۇلارغىمۇ سەدىقە ياكى ھەدىيەلىك نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىۋېلىش.

17. ئاتا ـ ئانىلار بالىچاقىلىرىنى قۇرئان ئوقۇش ۋە يادلاشقا قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن ھەدىيە بېرىش.

18. ئىفتارنىڭ ئالدىدا قۇياش پاتقۇچە، بامدات نامىزىدىن كېيىن قۇياش چىققۇچە بولغان ئارىلىقتىكى دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلارنى قولدىن بەرمەسلىك.

19. ھەر دائىم ئاللاھتىن قورقۇپ، يىغلىنىپ، ياش تۆكۈش ۋە ئاللاھنىڭ داۋاملىق ئۆزىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارماسلىق.

21. ھەر كۈنى دىنىي مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىدىغان ئىلمىي سورۇنلارغا قاتنىشىپ دىنىي مەلۇماتىنى ئاشۇرۇش ۋە ئىمانىنى كۈچەيتىش.

21. ۋاقتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزىدىغان ئىشلار بىلەن ئەمەس، ئەمەل ـ ئىبادەت ۋە ساۋابلىق ئىشلار بىلەن رەتلىك ئۆتكۈزۈش.

22. قۇرئاننى ياخشى ئوقۇيالمايدىغانلارغا مەسجىدتە سورۇن تۈزۈپ قۇرئان ئۆگىنىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىش.

23. ئۇچرىغان ھەرقانداق مۇسۇلمانغا سالام قىلىشقا ئادەتلىنىش.

24. كىشىلەرگە خۇشچىراي مۇئامىلە قىلىش.

25. رامىزاندا ئاللاھقا كۆپ تائەت ـ ئىبادەت قىلىش، گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن قول ئۈزۈش ۋە ئەزىيەتلەرگە سەۋر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى چېنىقتۇرۇش.

26. ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىگە شۈكۈر ئېيتىش.

27. كۆڭلىرىنى دۇئا ـ تىلاۋەت، تەۋبە ـ ئىستىغپار، زىكىر ـ تەسبىھ ۋە دۇرۇت ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش.

28. تەراۋىھ، تەھەججۇد نامازلىرى دېگەندەك كېچىدە قىلىدىغان ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قولدىن بەرمەسلىك ۋە سۇسلۇق قىلماسلىق.

29. گۇناھ ـ مەسىيەتكە چۈشۈپ قالغاندا؛ قىلىۋاتقان ئەمەل ـ ئىبادەتلىرىدىن مەغرۇرلىنىپ، ھۇرۇنلۇقى تۇتۇپ قالغان ياكى زېرىكىش ھېس قىلغان چاغلاردا ئاللاھقا تەۋبە ـ ئىستىغپار ئېيتىپ، لەنىتى شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھلىق تىلەش.

31. قېرىنداشلىرىغا بىرەر قۇتا ئەتىر ياكى بىرەر تال مىسۋاك دېگەندەك نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلىش. ھېچبولمىغاندا پات ـ

پات تېلېفون ياكى ئۇچۇر قىلىپ ساۋابلىق ئىشلارغا ئۈندەپ، پەند ـ نەسىھەتلەرنى ئۆزۈپ قويماسلىق.

31. كېسەللەرنى يوقلاش؛ ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرى بولۇپ قالسا، جىنازە ئىشلىرىغا ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىش.

32. ھەرقېتىم مەسجىدكە تەراۋىھ نامىزى ئوقۇش ئۈچۈن ماڭغاندا يېقىنلىرىدىن بىر ـ ئىككىنى ئېلىۋېلىش.

33. ھەر كۈنى ئائىلىسىدىكىلەردىن: بۈگۈن ناماز ئوقۇدىڭىزمۇ؟ قۇرئان ئوقۇدىڭىزمۇ؟ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن دۇئا قىلدىڭىزمۇ؟... دېگەندەك سوئاللارنى سوراش ئارقىلىق ئەمەل ـ ئىبادەتكە ئۈندەپ تۇرۇش.

34. ئىمكانىيىتى يار بەرسە رامىزان ئىچىدە ئۆمرە قىلىش.

35. ئەتراپىدىكى دىنسىز كىشىلەرنى چىرايلىق گەپلەر بىلەن ئىسلامغا دەۋەت قىلىش.

36. قارىلار ھەر كۈنى قۇرئان كەرىمدىن ئاز دېگەندە ئۈچ پارە، ئادەتتىكى كىشىلەر بىرەر پارە ئوقۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىش .

37. روزىدارلارنى ئىفتارلىتىشنى قولدىن بەرمەسلىك.

38. قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىپ، ئۆلۈكلەر ھەققىدە دۇئا قىلىش ۋە ئۆلۈمنى ئەسلەپ تەقۋادارلىقنى ئاشۇرۇش.

39. گۇناھ ـ مەسىيەتلەردىن قول ئۈزۈشكە چىن دىلىدىن بەل باغلاش.

41. تەقۋادار، ئەقىدىسى ساغلام كىشىلەر بىلەن دوست بولۇپ، ئۇلارنى ئۈلگە قىلىش.

41. رامىزاننىڭ ئاخىرقى 10 كۈنى مەسجىدتە ئولتۇرۇپ، ئېتىكاپ قىلىشنى قولدىن بەرمەسلىك.

42. قەدر كېچىسىنى تېپىش ئۈچۈن رامىزاننىڭ ئاخىرقى 10ـدا كېچىلەرنى ئەمەل ـ ئىبادەتلەر بىلەن ئۇخلىماي تاڭ ئاتقۇزۇش.

43. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاشلىنىپ قالغان سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش ۋە باشقىلارغا تەشۋىق قىلىش.

44. ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا پايدىلىق بىرەر ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈش.

45. تەبلىغ، دەۋەت سورۇنلىرى دېگەندەك ساۋابلىق ئىشلارنى باشقىلارغا خەۋەر قىلىش.

46. ئاز دېگەندە كۈنىگە بىرەر سائەت ۋاقتىنى كىشىلەرنى دەۋەت قىلىشقا ئاجرىتىش.

47. ئائىلىسىدىكىلەرنى دەۋەت سورۇنلىرىغا بىرگە ئاپىرىشنى ئۇنتۇماسلىق.

48. قۇرئان كەرىمنى كۆپ تىلاۋەت قىلىپ، كۆپ تىڭشاپ بېرىش.

49. مەسجىدكە بۇرۇنراق بېرىپ، كېيىنراق قايتىپ، نامازلارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئاز دېگەندە بەش ـ ئون مىنۇت ئولتۇرۇپ زىكىر، تەھلىل ـ تەسبىھ ۋە دۇرۇت ئېيتىشنى قولدىن بەرمەسلىك.

51. ماشىنىدا سەپەر قىلغان ياكى ئىش ئارىلىقلىرىدىكى بوش ۋاقىتلارنى، بانكا ياكى دوختۇرخانىلاردا ئۆچرەت ساقلىغان

ۋاقىتلارنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەي، ئاللاھقا زىكىر - تەسبىھ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزۈش.

51. رامىزان ئىچىدە دىنىي مەسىلىلەرگە ئائىت بىرەر كىتابنى ئوقۇپ تۈگىتىش.

52. ئۇرۇق - تۇغقانلارنى يوقلاش.

53. نامازنىڭ سۈننەتلىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا «چاشگاھ» نامىزى ۋە كېچىدە ئوقۇلىدىغان نەپلە نامازلارنى قولدىن بەرمەسلىك.

54. ئائىلىسىدىكىلەرگە ھەدىيە بېرىپ خۇشال قىلىش.

55. رامىزان چىقىپ كەتكەندە ئەمەل - ئىبادەتلەردىن سۇسلىشىپ، ئاللاھنى رامىزاندىلا تونۇيدىغان، باشقا چاغدا تونۇمايدىغان بولۇپ قالماسلىق.

56. رامىزان كىرگەندە مەسجىد ئىمامىنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ ئېغىرلىشىدۇ. كىشىلەرگە رامىزاننىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىرىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن بىرگە ئەمەل - ئىبادەتلەرگە قىزىقتۇرۇش ۋە جامائەتلەرنىڭ ئۆزئارا دوستلۇق رىشتىسىنى كۈچەيتىشنى مەزمۇن قىلغان ۋەز - نەسىھەتلەرنى كۆپەيتىشى لازىم.

57. ئىمام بولغان كىشى يېڭىدىن جامائەتكە قوشۇلغانلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىشى، رامىزان چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يوقاپ كەتمەي، داۋاملىق مەسجىدكە ھازىر بولۇشى ئۈچۈن خىزمەت ئىشلىشى لازىم.

58. سوھۇرلۇقنى بەك بۇرۇن يېۋالماسلىق.

59. ئېغىر ۋاقىتىدا ئىپتار تاماقلارنى كۆپ يېۋالماسلىق، سوغۇقتا بەك ياغلىق، تۇزلۇق ۋە ئىسسىقلىق تاماقلارنى يېيىشتىن ساقلىنىش. كېچىسى سۇنى كۆپرەك ئىچىپ بېرىش، كۈندۈزى ئۇسساپ قالماسلىق ئۈچۈن قېتىقنى تەرخەمەك ئارىلاشتۇرۇپ يەۋېلىشنى ئۇنتۇماسلىق.

بو کتاب مشهور

# فرض عین دور

## ذیلیده آداب الصلوٰۃ هم بار دور

بو اخیرقی کتاب خاکپای اهل اسلام حاجی محمد قاسم بن محمد صدیق

اخونوم قرا قاشی نینگ قلمیدین دور

نشر قیلدی ورغوچی

بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله رب العالمين والعاقبة للمتقين
والصلوٰة والسلام على رسوله محمد وآله واصحابه اجمعين

اگر سورسه لرکیم سیزلار کیم نینگ بنده سی ، خدایم نینگ بنده سی .

خدای تعالیٰنی تونورموسیز الحمد لله تونورمیز نیچوک تونورسیزلا بیچون بیچگونه بی شبهه دبی نمونه تونورمیز ، خدای تعالیٰ انداغ پادشاه دور که اینگ پادشاه لیقی غه هیچ زوال یوقتور همیشه بار دور و همیشه بولغوسید ور و هرنه خواهلاسه قیلغوسی دور

خدای تعالیٰنی نچه صفت بیرله بیلورسیزلار اون صفت بیرله بیلورمیز اول اون صفت لاری قایسی تورور اولقی صفتی حیات دور یعنی خدای تعالیٰ تیریگ دور

تیریگ لیکی جسم و جان بیله ایماس دور حیات صفتی بیرله تیریگ دور هرگز اولمایدور ایکنجی صفتی کلام دور ، یعنی خدای تعالیٰ سوزلاگوچی دور سوزلاماکی تیل داغیز بیلان ایماس دور سوز یده حرف و آواز یوقتور کلام صفتی بیله سوزلایدور ، اوچونچی صفتی علم دور یعنی خدای تعالیٰ علم قدیم بیله همه اشیاءلرنی بیلگوسید ور ، تورتونچی صفتی قدرت دور یعنی خدای تعالیٰ اوز کمال قدرتی بیلان هر شئ غه قادر دور ، بشنجی صفتی سمیع دور یعنی خدای تعالیٰ ایشتگوچی دور ،

طَلَبُ العِلْمِ فَرِيْضَةٌ عَلٰى كُلِّ مُسْلِمٍ وَمُسْلِمَةٍ (حديث)

فَقِيْهٌ وَاحِدٌ اَشَدُّ عَلَى الشَّيْطَانِ مِنْ اَلْفِ عَابِدٍ

بو كتاب مشهور

# فرض عين دور

## ذيليده آداب الصلوٰة هم بار دور

بو اخيرقى كتاب خاكپائے اهل اسلام حاجي محمد قاسم بن محمد صديق

اخونوم قراقاشى نينگ تلميذين دور

## نشر قيلدورغوچى

جده نينگ سوداگر عبدالستار تركستاني نينگ طرف دين نشر قيلغان دور

سنه ۱۴۰۱ھ ۱۵ ذي الحجه ده

بسم الله الرحمن الرحيم

بحمده تعالى والصلاة والسلام على نبيه وآله واصحابه

اما بعد فقد كان الباعث على اعادة طبع هذه الرسالة المفيدة "فرض عين" هو شعور التركستانيين بفرائض دينهم الاسلامي وواجباته الفرعية الدينية لما تحتوي بها هذه الرسالة من تعريف بالايمان والاسلام وشرح اركانهما وبيان اداء الفرائض كما جاء في القرآن الكريم والسنة الشريفة: وقد جاءت هذه الرسالة على صفحات قليلة، سهلة العبارة واضحة البيان. وكانت هذه الرسالة التي طبعت لأول مرة في كشمير تدرس في المدارس الاسلامية بتركستان الشرقية قبل الغزو الشيوعي ابان عام ١٩٤٩م يتلقاها الطلاب والدارسون لسهولة فهمها واحاطتها بكل ما يجب على المسلم ان يعرفه عن دينه الحنيف واداء عباداته بكل ما ورد في القرآن الكريم والاحاديث النبوية الشريفة من غير تأويل او تحريف

أما مؤلف هذه الرسالة فهو فضيلة الشيخ محمد قاسم محمد صديق الختني احد العلماء البارزين في سماء تركستان والمجاهد الذي بذل الكثير من ماله ووقته لخدمة الاسلام والمسلمين في ذلك القطر المسلم الذي يئن تحت كابوس الالحاد الشيوعي حتى الآن. فقد كان الشيخ المولود عام ١٣٢٥هـ مع المرحوم محمد امين بوغرا في ثورته عام ١٩٣٢م ضد الاستبداد الصيني ثم الهجرة الى افغانستان على اثر فشلها وقيام دولة تركستان الشرقية الاسلامية وبعدها اقام فترة طويلة في كشمير مربيا على الجالية التركستانية يخدم المهاجرين والفارين بدينهم من وطنهم تركستان وقد استقر به المقام في الآونة الاخيرة في استانبول بتركيا. متعنا الله بحياته واعانه الله على خدمة الاسلام والمسلمين.

ایشتیماکی قولاق بیلا ایماس دور سمیع صفتی بیله ایشتا دور، التنچی صفتی
بصیر دور یعنی خدای تعالیٰ کورگوچی دور کورماکی کوز بیله ایماس دور بصیر صفتی
بیلان کورادور یتینچی صفتی تکوین دور یعنی خدای تعالیٰ همه موجوداتنی
برالغوچی دور همه ذی جان غه رزق برگوچی دور سکزینچی صفتی ارادت دور
یعنی خدای تعالیٰ نینگ امر وخواهشی بیلان بولا دور هر ایش هر واقع ، ینه
بیکی صفتی سلبی دور یعنی خدای تعالیٰ دا هیچ عیب یوق دور و نقصان یوق
دور ینه بیری خدای تعالیٰ شرک دین پاک و منزه دور حضرت
حق سبحانه وتعالیٰ نینگ جمیع صفات لاری قدیم دور، اوچ وحدت
دین نینگ ضروری لاری جمله سیدین دور اولنچی وحدت در خالقیت
یعنی خدای تعالیٰ جمیع موجوداتنی خلق قیلغوچی دور اننگ دین اورنگه
خالق یوق دور، ایکنچی وحدت در معبودیت یعنی خدای تعالیٰ طاعت
وعبادت قیلماق غه لائق وسزاوار دور اننگ دین بولک معبود یوق
دور ، اوچونچی وحدت در وجوب وجود یعنی اللّٰه تعالیٰ نینگ
وجودی اوز ذاتیدین واجب دور ، غیری که محتاج ایماس
دور اصلا ،

# سیزلارکیم نینگ امتی

حضرت محمد صلعم رسول اللہ نینگ امتی توور میز، حضرت محمد صلعم رسول اللہ نی تونورمو سیزلار تونور میز۔ بیچوک تونور سیزلار۔ حضرت محمد صلعم رسول اللہ خدای تعالیٰ نینگ بندہ سی و حضرت آدم علیہ السلام نینگ اولادی جمیع پیغمبرلار نینگ زبدہ سی و خدای تعالیٰ نینگ بیزلارگہ ایبرگان برحق پیغمبری دور صلی اللہ علیہ وسلم۔

حضرت محمد رسول اللہ نینگ تورت پشت لاری قایسی دور اول محمد رسول اللہ خواجہ عبداللہ نینگ اوغلی ایکنچی خواجہ عبداللہ خواجہ عبدالمطلب نینگ اوغلی اوچونچی خواجہ عبدالمطلب خواجہ ہاشم نینگ اوغلی تورتونچی خواجہ ھاشم خواجہ عبدالمناف نینگ اوغلی توردرلار۔

حضرت محمد رسول اللہ نینگ تیہ اسم شریف لاری بوتوردر اولتی اسم شریف لاری طٰہٰ ایکنچی اسم شریف لاری یٰسٓ اوچنچی اسم شریف لاری ابوالقاسم تورتونچی اسم شریف لاری احمد بشینچی اسم شریف لاری محمد آلتینچی اسم شریف لاری محمود یتینچی اسم شریف لاری محمد امین

تورورلار صلی اللہ علیہ وسلم، حضرت محمد رسول اللہ نینگ توقوز ازواج مطہراتِ لاری اُونینگ اسم شریف لاری بوتورور نظم نہ جفتِ نبی پاک بود ندہمہ بود عائشہ خدیجہ محترمہ بااُمہ حبیبہ .بود زینب میمونہ صفیہ سودہ ام ام السلمہ رضی اللہ تعالیٰ عنہم اجمعین تورورلار

# سیزلارکیم نینگ دوستی

چہاریار باصفا لاریمیز نینگ دوستی، چہاریار لاریمیز قایسی تورور اوّل حضرت ابوبکر صدیق رضی اللہ عنہ خواجہ ابوقحافہ نینگ اوغلی ایکنچی حضرت عمر رضی اللہ عنہ خواجہ خطاب نینگ اوغلی اوچونچی حضرت عثمان رضی اللہ عنہ خواجہ عفان نینگ اوغلی تورتونچی حضرت علی کرم اللہ وجہہٗ خواجہ ابوطالب نینگ اوغلی تورورلار رضی اللہ تعالیٰ عنہم اجمعین ۔

خلفاء راشدین نچہ تورور، اون بیرتورور بولار نینگ تورت لاری تورت یار لاریمیز دوزلبشنچی حضرت عبداللہ ابنِ عباس رضی اللہ عنہ التینچی حضرت عبداللہ ابن عمر رضی اللہ عنہ تییمچی حضرت عبداللہ ابن مسعود رضی اللہ عنہ سکزینچی حضرت زید ابن ثابت رضی اللہ عنہ توقوزونچی

حضرت عائشہ صدیقہ ام المومنین رضی اللہ عنہا اونونچی حضرت ابوموسیٰ اشعری رضی اللہ عنہ اون بیرنچی معاذ ابن جبل رضی اللہ عنہ.

# سیزلار کیم نینگ ملتی ده

حضرت ابراہیم علیہ السلام نینگ وخلیل الرحمٰن ملتی ده تورور میز ملت نیمہ تورور ابراہیم خلیل اللہ نینگ سنت لارینی بجاکیلتوریک تورور سیز لار کیم نینگ مذہبی ده تورور سیز لار، حضرت امام اعظم ابوحنیفہ رحمتہ اللہ علیہ نینگ مذہبی ده تورور میز، جملہ مذہب نچہ تورور. تورت تورور اول حضرت امام اعظم ابوحنیفہ رحمتہ اللہ علیہ نینگ مذہبی ایکینچی حضرت امام شافعی رحمتہ اللہ علیہ نینگ مذہبی اوچونچی حضرت امام مالک رحمتہ اللہ علیہ نینگ مذہبی تورتونچی حضرت احمد حنبل رحمتہ اللہ علیہ نینگ مذہبی تورور، قچان دین بیری مسلمان تورور سیز لار، روز میثاق دین بیری مسلمان تورور میز، روز میثاق قالیبی کونی تورور، خدای تعالیٰ بیز لار نینگ روح لار یمیزنی بیرالغان کونی تورور، امامیمیز قرآن دور قبلہ میز کعبہ دور دین میز اسلام دور دیمیک لازم دور اصول دین

نچه دور ، سکز دور بیرینجی توحید یعنی خدائی تعالیٰنی بیر بیلیب د بیر اعتقاد قیلماق لازم دور ایکنجی عدل یعنی هر ایش ده راست لیق قیلماق اوچونجی نبوت یعنی جمیع پیغمبر لارنی برحق بیلماک تورتونجی امامت یعنی دنیا ایشی دین آخرت ایشینی ایلگری قیلماق بشینجی امر معروف یعنی خدای تعالیٰ نینگ قیل دیگان امرینی برجا کیلتورمک ینه بیرونی هم قیلماق غه دلالت قیلماغلیق التینچی نهی منکر یعنی خدای تعالیٰ قیلمه دیب نهی قیلغان ایش لاردین اوز سینی توختاتماغ لیق ینه بیرونی هم یاندرماغلیق یتینجی تولا یعنی خدای تعالیٰ نینگ دوست لاریغه دوست بولماغلیق سکزینجی تبرا یعنی خدای تعالیٰ نینگ دشمنی گه دشمن بولماغلیق تور دور

# قرق فرض بو تور دور

اوّل صفت ایمان یته تور دور یعنی ایمان مفصّل

## آمنتُ بالله

بیرینجی ایمان کیلتور دوم من الله تعالیٰ نینگ بیر لیک و بار لیقی غه

## وَمَلَائِكَتِهِ

اکمینجی ایمان کیلتور ردوم من خدای تعالیٰ نینگ جمیع فرشتہ لاریگہ

## وَكُتُبِهٖ

اوچونجی ایمان کیلتور دوم خدای تعالیٰ نینگ ایبرگان جمیع کتاب لاریگہ

## وَرُسُلِهٖ

تورتونجی ایمان کیلتور ردوم من خدای تعالیٰ نینگ جمیع پیغمبر لاریگہ

## وَالْيَوْمِ الْآخِرِ

بشینجی ایمان کیلتور ردوم من قیامت کونی نینگ حق دراست ایکانی گہ

## وَالْقَدَرِ خَيْرِهٖ وَشَرِّهٖ مِنَ اللّٰهِ تَعَالٰى

التینجی ایمان کیلتور ردوم من ہر نہ یخشی لیق ویمان لیق خدای تعالیٰ نینگ تقدیری ایکان لیکی غہ

## وَالْبَعْثِ بَعْدَ الْمَوْتِ

تینجی ایمان کیلتور ردوم من اولماک حق اولگان دین کین تریلماک حق دراست لیکی غہ

# بنای مسلمان چیلیق لش تورور

بیرینچی ایمان ایتیت مسلمان بولماغلیق ایکینچی هر کونی لش وقت نماز اوتوماگلیک اوچونچی ماه شریف رمضان نی هر یل ده احتیاط بیلان بوتون بیر آی روزه توتماغلیق تورتینچی مالی نصابی غه یته عشر وزکوتینی بیرماگلیک لشینچی استطاعت تاپسه عمری اچی ده بیرمره حج طواف قیلماغلیق آگر استطاعتی بولمیسه هفته ده بیرمرة نماز جمعه نی تنک اتمای اوتوماغلیق تورور طهارت ده فرض تورت تورور بیرینچی موی پیشانه ایکی قولاق نینگ یومشاقی ایناک نینگ آستنی بیرله قوشوب یوزینی یوماغلیق ایکینچی ایکی قوله جنیکی بیلان قوشوب یوباماغلیق اوچونچی باشنی نینگ تورت حصه سی نینگ بیر حصه سیگه مسح قیلماغلیق تورتونجی یوتینی اوشاقی بیلان قوشوب یوماغلیق فرض تورور اما سقال لیغ کشی گه فرض لش تورور یعنی قولینی هول قیلیب سقالینی آرالاماغلیق دور

# تیمّم ده فرض تورت تورور

اوّل تیمّم نینگ نیتی نی قیلماق فرض دور ایکینچی پاک تفراق تاپماق فرض دور اوچونچی ایکی قولینی بیر ضرب ادرب یوزینی سیلاماغلیق فرض دور تورتونجی بینه

بیرضرب اوروب ایکی بیلاکینی جینککی بیلان قوشوب سیلاماغلیق فرض دور ،

## غسُل ده فرض اوچ تور ور

بیرینچی اغزلیغه اوچ مرتبه سوالیب حلقی غه تیکوزوب غرغره قیلماق دور ایکینچی بورنی غه اوچ مرتبه سوالیب مضمضه قیلماغلیق اوچونچی جمیع بدن نی آلاسیز یوماق اگر غسل ده بیرتوک توبی قوروغ قالسه یاندوروب باشقه غسل قیلماق لازم دور ایکی رکعت نماز ده اون ایکی فرض بار دور الته سی نماز نینک تاشیده دور الته سی نماز نینک ایچی ده دور اول الته سیکه نماز نینک تاشیده ایردی بیرینچی پاک سوده طهارت آلماغلیق ایکینچی پاک ایگین بیلان نماز اوتوماگلیک اوچونچی پاک یرده توروب نماز اوتوماگلیک تورتونچی نماز نینک وقتی نی بیلماگلیک بشینچی قبله غه باقماغلیق التینچی نیت قیلماغلیق فرض دور ، اول الته سیکه نماز نینک ایچی ده ایردی بیرینچی تکبیر تحریمه ایکینچی قیام اوچونچی قراءت تورتونچی رکوع بشینچی سجود التینچی قعدهٔ اخیرده اولتورماغلیق فرض دور ، بیر فرض امر معروف یعنی خدای تعالی نینک قیل دیگان امرینی بجان ودل قیلماغلیق بیر فرض نهی منکر یعنی خدای تعالی قیلمه دیگان ایشین لاردین بالکل یاتماغلیق وامر الهی غه تمام دینی برادر لارینی دلالت قیلماق ونهی بولغان

زسملار دین بینه بیرونی هم یانیش غه ولالت قیلماق هر بیر مسلمان نینگ ذمه سیگه علی حده بیر فرض دور، دیمه بیر فرض، خواتون لارگه حیض نینگ مقدار یعنی بیلماک دور، انداغکه حیض نینگ آزی اوچ کیچه کوندوز تولاسی اون کیچه کوندوز دور، اگر اوچ دین کم اون دین زیاده بولسه انی خونی استحاضه دیر لار پاک نینگ حکمی ده دور، دیمه بیر فرض خواتون لارگه نفاس نینگ مقدار بیلماک دور، نفاس دیب خواتون کشی باله توقغان دین کین کورگان خونی نی ایتورلر مونینگ آزی نینگ حدی یوق دور، تولاسی قرق کیچه کوندوز دور، اگر قرق کیچه کوندوز دین زیاده بولسه انی خون استحاضه دیرلار استحاضه لیق خواتون پاک حکمیده دور، صاحب عذر گه، او خشه هر نماز غه بولاک طهارت الیب نماز اوقوید ور رمضان روزه سینی هم ترک اتمای توتادور بو جمع بیر کام قرق فرض بولدی لارنی اوقوب یاد آلماق بیر فرض دور

# قرق فرض تمام بولدی

بینه اوتوز ایکی فرض نینگ بیانی، بیرنچی سبب غسل لیش تورور بیرنچی احتلام بولغان کشی نینگ غسل قیلماقی فرض دور، ایکینچی آب منی دفق وشهوت بیلان

چیقالن کشی نینگ غسل قیلماقی فرض دور اوچونچی ایر خواتون اندام لاریني
بیر بیریگه ختنه گاهیغچه ملاقات قیلغان کشی نینگ غسل قیلماقی فرض دور تورتونچي
خواتون کشی حیض دین پاک بولغان ده غسل قیلماقی فرض دور بیشینچی نفاس
دین پاک بولغان خواتون نینگ غسل قیلماقی فرض دور، تورت نوع استنجا
فرض تور دور، بیرینچی جنب نینگ استنجا قیلماقی ایکینچی حیض دین پاک بولغان
خواتون نینگ استنجا قیلماقی تورتونچی مقعد ده درم شرعی مقداری یا زیاده
نجاست بار کشی نینگ استنجا قیلماقی فرض تور دور، صلواۃ جنازه ده تورت فرض
بار دور بیرینچی نیت قیلماغلیق تورتونچی قبله گه باقماغلیق دراست تورماغلیق اوچونچي
قیام ده تورماغلیق تورتونچی تکبیرنی راست و درست ایتماغلیق فرض تور دور
روزه رمضان نینگ ایچیده اوچ فرض بار دور بیرینچی نیت قیلماغلیق ایکینچي
صبح دین شام غیچه یماک ایچماک نی ترک قیلماق اوچونچی صبح دین شام غیچه
جماع نی ترک اتماک فرض تور دور، دینه بیر فرض ستر عورت دور، ایر کشی
غه کیندیکی دین تیزی نینگ آستنی غیچه. خواتون کشی غه چوقا سیدین تاپانی غیچه
دیداک غه موره سیدین تیزی نینگ آستنی غیچه عورت دور یاپماق فرض دور
زکواۃ ده اون لتش فرض بار دور بیرینچی نیت قیلماق دور نیت نینگ وقتی

ایکی دور بیری اصل مال دین جدا قیلور ده ینه بیری مصرفی نینگ قولیغه بیرادورغان وقتی ده ینه ییته سی شرط زکوٰة دور ینه ییته سی مصرف زکوٰة دور اول ییته سیکه شرط زکوٰة ایدی اوّل مسلمان بولماق ایکینچی آزاد بولماق اوچونچی عاقل بولماق تورتونچی بالغ بولماق بشینچی مالک، نصاب بولماق آلتینچی ییل نینگ تمام بولماقی ییتینچی قرض دین آشیب مالک نصاب بولماق یعنی قرضی بار آدم غه زکوٰة برماک فرض بولمایدور قرضی دین زیاده مالی بولوب نصابی غه تیسه زکوٰة فرض بولا دور، اول ییته سی که مصرف زکوٰة ایدی بیرینچی فقیر ایکینچی مسکین اوچونچی قرضدار تورتونچی مکاتب بشینچی عامل زکوٰة التنچی ابن سبیل ییتنچی منقطع الحاج یاکه منقطع الغزات، ینه اون بیر فرض نینگ بیانی بیرینچی طعام یماک ده تورت فرض بار تور در اول حلال یماک ایکینچی رزق فی خدای تعالیٰ دین بیلماک اوچونچی خدای تعالیٰ نینگ برگان قسمتی غه راضی بولماغلیق، تورتونچی شول طعام نینگ قوتی ده طاعت عبادت قیلماغلیق گناه قیلماس غلیق فرض تور دور، ینه بیر فرض علم طلب قیلماغلیق دور ینه بیر فرض مقدار ضرورت کسب قیلماق هم فرض دور، شرائط ایمان ییته دور،

اول غیب غه ایمان کیلتورماگلیک دور ایکنبچی علم غیب نی خدای تعالیٰ غه خاص دیب بیلماگ لیک دور، اوچونچی بهشت دوزخ نی کورمای یوتما گلیک دور، تورتونچی خدای تعالیٰ حلال یرالغان نرسه لارنی حلال بیلماگلیک دور لشنچی خدائی تعالیٰ حرام یرالغان نرسه لارنی حرام اعتقاد قیلما غلیق دور التینچی خدای تعالیٰ نینگ رحمتدین امیدوار بولما غلیق دور یتینچی خدای تعالیٰ نینگ غضبی دین ۔

تورتما غلیق دور بوبهه سی فرض دور، نماز ده یگرمه بیر نرسه واجب دور مونینگ یته سی جمیع نمازلار ده عام دور واون تورتی لعبض نمازلار غه خاص دور اول اون یته سیکه عام ایدی اول لفظ اللّٰہ اکبر بیلان تحریم باغلاماق ایکنبچی قعده، اولی ده اولتورما غلیق اوچونچی ایکی قعده ده تشهد اوقوما غلیق تورتونچی رکوع سجوده آرام آلما غلیق لشنچی هر فرض نی اوز ترتیبی ده ادا قیلما غلیق التینچی هر واجب نی اوز مرتبه سیده ادا قیلما غلیق یتینچی لفظ اسلام بیله نماز دین چیقما غلیق، اول اون تورتیکه خاص، ایدی بیرینچی اولقی ایکی رکعت گه قرأت نی تعیین قیلما غلیق ایکنچی قرأت گه فاتحه اوقوما غلیق اوچونچی فاتحه گه سوره ضم قیلما غلیق تورتونچی فاتحه نی هر رکعت ده بیراوقوتق

غہ تو خاتما غلیق بلشینجی فاتحہ نی سورہ گہ مقدم قیلماق ایکنچی وتر دا دعای
قنوت اوقوما غلیق بتینچی آشکارا اوقوید رگان یرده اوق لوک اوقوما غلیق
سکہ بلینچی مخفی اوقوید ورغان یرده مخفی اوقوما غلیق توقوزینچی آیت سجدہ اوقولسہ
سجدہ تلاوت قیلما غلیق اونونجی مقتدی امامنی ہر حال دہ تابع متابعت
قیلما غلیق اون بیرینجی امام قرائت قیلغان دہ مقتدی انکلاب شوک تورما غلیق
اون ایکنجی ایکی عید نمازی نینگ زیادہ تکبیرلارینی ایتما غلیق اون اوچونجی
ایکی عید نینگ رکوع تکبیرلارینی ایتما غلیق اون تورتونجی نماز دا سہو
بولسہ سجدۂ سہو قیلما غلیق واجب دور سجدہ سہو نچہ یرده لازم بولادور
تورت یرده لازم دور، اوّل ترک واجب بولسہ ایکینجی تأخیر واجب
بولسہ اوچونجی تأخیر فرض بولسہ، تورتونجی قرائت بی محل بولسہ سجدہ سہو
واجب بولادور، نماز دا فرض خلافیہ لشی دور اوّل ترتیب نی رعایہ
قیلما غلیق ایکینجی رکوع وسجود دا آرام آلما غلیق اوچونجی جلسہ تورتونجی قومہ
بشینجی خروج بصنعہ دیب دور لار بو مسئلہ لارنی خواہ ایر خواہ خواتون
خواہ قول خواہ آزاد بولسون ہر بیر مسلمان غہ سبق سبق اورگانیب یاد آلماق
علی حدہ بیر فرض عین دور، واللہ اعلم بالصواب ، تمت بالخیر

# وَرَدَ فِي الحَدِيث

سَيِّدُ الاِسْتِغْفَار أَنْ تَقُوْلَ

اَللّٰهُمَّ اَنْتَ رَبِّيْ لَا اِلٰهَ اِلَّا اَنْتَ خَلَقْتَنِيْ وَاَنَا عَبْدُكَ

وَاَنَا عَلٰى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ اَعُوْذُ بِكَ مِنْ

شَرِّ مَا صَنَعْتُ اَبُوْءُ لَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ وَاَبُوْءُ بِذَنْبِيْ فَاغْفِرْ لِيْ

فَاِنَّهُ لَا يَغْفِرُ الذُّنُوْبَ اِلَّا اَنْتَ ٥

بو سید الاستغفار نی ہر کمیر سہ کیچہ دہ اد قوسہ دشول کو بندہ وفات تما فسہ

دیا کو ندوزی اد قوسہ دشول کیچہ دہ قضای الہٰی بیلان اعلی متیسہ (اولسہ صدق

دل بیلان کہ اد قوغان بلہ شول کشی اہل جنت دین دور، روٰہ البخاری)

کَلِمَتَانِ حَبِیْبَتَانِ اِلَی الرَّحْمٰنِ خَفِیْفَتَانِ عَلَی

اللِّسَانِ ثَقِیْلَتَانِ فِی الْمِیْزَانِ، سُبْحَانَ اللّٰہِ وَبِحَمْدِہٖ

سُبْحَانَ اللّٰہِ الْعَظِیْمِ ، رواہ البخاری شبو تسبیح اللہ غہ محبوب

دور تیل غہ ینگیل دور تراز دعہ اغیر دور یعنی سبحان اللہ وبحمدہ سبحان العظیم

واللہ اعلم بالصواب۔

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيْمِ ○

الحَمْدُ لِلّٰهِ والسلام علىٰ عبادهِ الذّين اصطفىٰ

حمد و صلوٰة دين كين بو بنده ابى لبضاعت كچيک بالالارکه يا دآلماق آسان بولسون ديب بو قسقه رساله بيله نمازنينگ فرض واجب سنت مستحب لاريني وحرام مکروه مباح مفسدلاری بيالان قوشوب کته کته کتاب لاردين نقل قيليب جمع قيليديم ، مومنين اشوق راق معلومات حاصل قيلامن ديگان کشی تعليم الاسلام نام ترکی کتاب نينگ تورتينچی حصه سينی بوتون کورسه اصول عقايد و بنای اسلام ده چونگ معلومات حاصل بولاردو ، مگر بو قيسقه رساله ده صرف نمازغه غنه متعلق مسئله لار واضح بولادور

ومن اللّٰه التوفيق

## برينچی باب نمازنينگ فرض لاری نينگ بيانيده

نمازنينگ فرض لاری بالاتفاق اون ايکی دور ، التوسی نمازنينگ تاشی ده دور ، الّتسی نمازنينگ ايچی ده دور نمازنينگ تاشيدگی فرض

لار بودور (١) طہارت آلادورغان سوزنینگ پاک بولماقی (٢) ایگین نینگ پاک بولماقی (٣) نماز اوقوی دورغان یرنینگ پاک بولماقی (٤) نماز نینگ وقتی بولماک (٥) قبلہ غہ باقماق (٦) نیت قیلماق ۔

نماز نینگ ایچی داکی فرض لار بودور، (١) تکبیر تحریمہ (٢) قیام (٣) قراءت (٤) رکوع (٥) سجود (٦) قعدۂ اخیر فرض خلافیہ اوچ دور (١) بدن نینگ پاک بولماقی (٢) ستر عورت (٣) خروج بصنعہ دور یعنی مجتہد لار (١) ترتیب نی رعایہ قیلماق (٢) رکوع وسجود دہ آرام آلماق (٣) قومہ یعنی رکوع دین کین باش کوتارگان دہ بیر لحظ آرام الیب سونگرہ سجدہ گہ بارماق (٤) جلسہ یعنی ایکی سجدہ اوترا سیدہ آرام آلماق نی ہم فرض قاریدہ سانا ب دور لرم

## ایکینچی باب نماز نینگ واجب لاری نینگ بیانیدہ

نماز نینگ واجب لاری یگرمہ بیر دور مونینگ دین بیتہ سی تمام نماز لارگہ وتمام نماز اوقوغوچی لارگہ عام دور واون توررتی بعضی نماز لارگہ وبعضی نماز اوقوغوچی لارگہ خاص دور، مذکور عام بولغان بیتہ سی بولار دور

(١) لفظ اللہ اکبر بیلان نماز غہ شروع قیلماغلیق (٢) قعدۂ اولی دہ اوتورماغلیق (٣) ہر ایکی قعدہ دہ التشہد اوقوماغلیق (٤) رکوع وسجود دہ آرام آلماغلیق ۔

(۵) ہر فرض نی اوز مرتبہ سیدہ ادا قیلما غلیق (۶) ہر واجب نی اوز مرتبہ سیدہ ادا قیلما غلیق (۷) لفظ سلام بیلان نماز دین چیقما غلیق، عام بولغان اون تورتی بولار دور (۱) اولقی ایکی رکعت گہ قراءت نی تعیین قیلماق (۲) قراءت گہ فاتحہ نی اوقوش نی تعیین قیلماق (۳) فاتحہ نی ہر رکعت غہ بیر اوقوش نی تعیین قیلماق (۴) فاتحہ نی سورہ گہ مقدم قیلماق (۵) فاتحہ گہ بیر سورہ یا کہ اوزون بیر آیت یا کہ قیسقہ اوچ آیت ضم قیلماق (۶) وتر دہ دعای قنوت اوقوماق (۷) جہرًا اوقویدورغان یردہ جہرًا اوقوماق (۸) آہستہ اوقویدورغان یردہ آہستہ اوقوماق (۹) آیت سجدہ تلاوت قیلسہ سجدہ تلاوت قیلماق اوقوچی وا لتنگلوچی غہ برابر سجدہ قیلماق واجب دور (۱۰) مقتدی امام نی قایسی حال دہ تاپسہ اقتدا قیلیب ایرگاشماک رکعت گہ حساب بولمیہ ہم متابعت واجب دور (۱۱) امام قرائت قیلغان دہ مقتدی نینگ آنگلاب شوک تورماتی واجب دور (۱۲) عید نینگ تکبیر زائدلارینی ایتماق (۱۳) ایکی عید نمازی نینگ رکوع داکی زیادہ تکبیر لارینی ایتماق (۱۴) نماز دا سہو واقع بولسہ سجدۂ سہو قیلماق۔

# اوچونجی باب سنت لارنینگ بیانی دا

نماز داکی سنت لاریگرمہ یتہ دور مونینگ اون یتہ سی عام دور (۱) تکبیر تحریمہ
دا قوللینی قولاق نینگ برابری غیچہ کوتارماک دور (۲) دعای قنوت نینگ تکبیر لاری
دہ قول کوتارماک دور (۳) ایکی عید نینگ تکبیر لاری دہ قول کوتارماک دور
(۴) تکبیرگہ قول کوتارگان دہ قول نینگ بارماق لارینی اعتدال بیلان آرا
آرا اوز حالیندہ قویماق دور (۵) تکبیر تحریمہ دین کین فاتحہ دین ایلگری ثنا اوقوماق
(۶) اونگ قول نی چپ قول اوستیغہ قویوب کیندیکی نینگ آستیندہ قویماق
(۷) قیام دین رکوع غہ رکوع دین سجدہ گہ بارور دا و سجدہ دین باش
کوتارگان دہ و ایکینچی سجدہ دین قیام گہ یا کہ قعدہ گہ بارور دہ یا کہ سورہ
دین قنوت غہ یوتکالور دہ تکبیر ایتماق (۸) رکوع و سجود نینگ تسبیح لاری کم از
کم اوچ مرتہ دین ایتماق (۹) رکوع دہ تیزینی محکم توتوب تورماق (۱۰) رکوع
دہ تیزینی توتوب تورغان دہ بارماق لارینی کشادہ و آیچوق توتماق (۱۱) رکوع
دین کین قد و قامتینی توزلاماک (۱۲) ایکی سجدہ نینگ اورتاسیدہ بیر آزادلتورماق
(۱۳) سجدہ فی یتہ اعضاء بیلین قیلماق یعنی سجدہ دہ ایکی یوتی نینگ اوچی دا ایکی
تیزی دا ایکی قول دا یوزی بورنی نینگ اوچی بیا مان قو شالیب یرگہ تیگیب تورماقی

لازم دور اگر مذکور اعضالار دین بیرده بیری یردین اجراب کتہ سجدہ تمام بولمایدور (۱۴) سجدہ دہ اوچ مرہ دین زیادہ تسبیح ایتماق سنت دور (۱۵) تشہد دین کین سلام دین ایلگری درود ایتماق (۱۶) درود شریف دین کین اوز نفسی اوچون وتمام مسلمان لار اوچون دعای خیر قیلماق (۱۷) دعا دین کین اونگ طرف وچپ طرف گہ یوزاویردب سلام برماک ، نماز داگی خاص سنت لار اون دور (۱) امام نینگ تکبیر لارنی جہراً ایتماقی (۲) مقتدی ہم امام غہ اولاشتوردب تکبیر ایتماقی مگر مقتدی آہستہ ایتادور تکبیر اولیٰ نی تاپقان شول دور (۳) امام یا کہ منفرد تنا دین کین اعوذ باللہ نی اوقوماق (۴) اعوذ باللہ دین کین لبسم اللہ نی اوقوماق (۵) اعوذ باللہ فی وبسم اللہ نی مخفی اوقوماق (۶) مقتدی لاء نینگ تمام ارکان وہ امام غہ متابعت قیلماقی (۷) امام ومنفرد گو مخفی آمین دیماک دور وجہراً نماز لارده مقتدی لار گہ ہم مخفی آمین دیماک سنت دور (۸) امام غہ رکوع دین باشن کوتارگان دہ سمع اللہ لمن حمدہ دیماک لازم دور امام سمع اللہ لمن حمدہ دیگان دہ مقتدی لار ربنا لک الحمد دیمک دور (۱۰) ہر ایکی لہ قعدہ دا ایرکشی لار گہ چپ پوتینی یاتقوزدب اوستیگہ اولتورماد اونگ پوتینی

تیکلاب بارماق لاری نینگ اوچینی قبلہ غہ باقتورماق دور مگر خواتون کشی لارکہ ایکی لہ یوتینی اونگ طرف گہ یاتقوزوب اوستیدہ چاپلا شیب اولتورماق دور

## تورتونجی باب مستحب لارنینگ بیانی دہ

نماز دہ مستحب لار یگرمہ اوچ دور اون تورتی عام دور،

(۱) نماز دہ اونگ چیپ طرف کہ قاراماسلیق (۲) آسناگ کلسہ بقدر امکان یاندورماق اوچون آغزینی یوموب آلماغلیق (۳) نماز دہ یوتال کلسہ امکان بارنچہ دفعہ قیلیب یوتالماسلیک (۴) قرأت دہ اوچ آیت دین آشوق راق اوقوماق غہ عادت قیلماق (۵) قرائت نی ترتیل بیلان یعنی آیریب آیریب آلدارا ماہی اوقوماق و تجوید گہ موافق اوقوش نی اورگانماک (۶) رکوع دہ باشینی اوچار سیغہ برابر قیلیب تورماق (۷) سجدہ گہ باردہ اوّل تیزینی اندین کین ایکی قولینی اندین کین بورنینی اندین کین یورنینی آرقہ آرقہ دین یرکہ قویماق۔ (۸) سجدہ دین باش کوتار دہ اوّل یوزینی اندین کین بورنی نینگ اوچی نی اندین کین ایکی قولینی اندین کین تیزینی یردین کوتارماک (۹) سجدہ دہ ایکی قولینی یرکہ قویوب اوترا سیدہ یورنی قویماق قولینی تولا یراق ہم قویما

سون بیک یاقین قویوب یوزیگه تیگیب ہم تورماسون ایکی چونگ بارماقی کولاقی نینگ یومشاقی نینگ برابریده تورسون (١٠) ایکی قول وایکی پوتی نینگ بارماق لارنی قبله طرفیگه قراتماق دور (١١) نمازدین فارغ بولاشدین ایلگری یوزندین تقراق دیاکه ترنی آرتیما سلیق (١٢) قیام ده تورغان ده ایکی پوتی نینگ اوترا سینی تورت انگشت مقداریده فاصله بیلان قویما غلیق (١٣) قعده لارده ایکی قولینی اوزحالی بیلان ایکی تیزی نینگ اوستیغه قویماق وتوگوب آلما سلیق (١٤) نمازدین سلام بیرگان ده یوزیني اونگ طرف وسول طرف گه اوبیرو ماگلک ،

## نمازدا اکی خاص مستحب لار توقوز دور

(١) تکبیر ده قول کوتارلش سنت بولغان یرلارده ایرکشی ایکی قولینی ایکی قولاقی نینگ یومشاقی نینگ برابریده کوتارماگلیک ، دخواتون کشی گه اوشنه سی نینگ برابریده کوتارماگلیک (٢) ایرکشی قیام ده ایکی قولینی کیندیکی نینگ آستیدا قویوب تورماق مستحب دور خواتون لارگه سینه سیدا قویماق مستحب دور (٣) ایرلر تکبیر تحریمه ده ایکی قولینی والقانی نی یینگی دین چیقارماغلیق ، (٤) امام نمازده قرآت نی سنت طریقه سیده اوقوماغلیق .

(۵) یالغوز نمازادقوغوچی تسبیح اوچ دین آشوق وتاق ایتماق (۶) ایرکشی لار رکوع وسجودده ایکی بازوسینی قوساقیدین دقوساقینی یوتاسی دین دیوتاسینی پاچاقیدین وپاچاقینی یردین یراق توتماق لازم دور، مگر خواتون کشی قوساقینی بازوسیغہ دیوتاسیگہ چاپلاب تورا دور، اماتوبت رکعت لیگ نمازنینگ اخیرقی ایکی رکعتی وہ فرض نمازلاردہ قرآئت قیلماق (۸) ہر رکعت دہ فاتحہ دین ایلگری بسم اللہ دیماک (۹) نمازنینگ اوترا سیدہ امام غہ اقتدا قیلغان کشی اوُلگورالمگان حصہ سینی اوقوماق اوچون امام فارغ بولغونچہ ساقلاب تورماق یعنی امام سلام بیریب بولغونچہ قیام غہ قوپوپ کیتما سلیک۔

# بشنچی باب نمازدہ حرام بولا دورغان نرسہ لارنینگ بیانیدہ

## محرمات نمازدہ عموماً توقوز دور

(۱) نمازدہ توروب یوزی نینگ بعضی سینی اویروب اونگ طرف چپ طرف کہ قراماغلیق (۲) اسمان غہ قراماغلیق (۳) نمازدہ توگمروک غہ یولانیب تورماغلیق دیاکہ قولیغہ ویاباشقہ بیرنرسہ لارگہ یولانیب تورماق دیا یولانیب اولتورماق (۴) سجدہ داقولی نینگ یاسماق لارینی یردین کوتاریب تورماق (۵) تشہد اوقوغانی اولتورغان وہ ایت اولتوراشی دہ التورماق (۶) نمازدہ ایگین یاکہ اعضالری بیلان اوچ دین زیادہ اوینا شماق

(٧) سلام نی حرف بیر طرف گه غنه بر ماگلیگ (٨) تکبیر، ثناء تشهید، تسبیح نینگ کلمه لاریگه شرعاً مأثور بولغان نینگ تاشیده اوز یدین بیر ار کلمه قوشوب اوقوماغلیق (٩) یوقاریده مذکور بولغان واجبات نماز دین بیرار واجب نی قصداً ترک التسه نماز بوزولادور.

## ییتنجی باب مکروهات نینگ بیانیده

نماز ده اللیگ توقوز مکروه بار دور موندین عام بولغانی قرق ایکی دور (١) تکبیر نی تکرار ایتماق (٢) آیت یا که تسبیح لارنی ساناب اوقوماق (٣) نماز ده قولینی بیلیگه قویوب توروب قیام قیلماق (٤) نماز ده حرف سیز بوسه مویوه تالماک (٥) نماز ده بورنینی سیلکمک (٦) نماز ده بیر نرسه نی پوپیدماک دیا که پوپید دگان گه اوخشاشش اوز ون نفس آلماق، اگر بیر کیشی ایشتمگوده یک بولسه مکروه دور، بیر کیشی انگلاغوده یک بولسه نماز فاسد بولادور (٧) نماز ده قرائت توساماغوچه لیک حال ده اغیز ده روپیه داچن پیسه ساقلماماق مکروه دور، اگر قرائت دین منع قیلغوده یک صورت ده بولسه نماز فاسد بولادور (٨) رکوع ده باشینی اگیز توتماق (٩) اگر چه آز بولسه

نماز ده توروب یوتماق (١٠) نمازنینگ سنت لاریدین بیرار سنت نی ترک
قیلماق (١١) قرائت نینگ ایاغینی رکوع غه کتیب باریب تمام قیلماق (١٢)
سجده گه کتیب باریب سمع الله لمن حمده ویا ربنا لك الحمد
دیماگلیک (١٣) الله اکبر نی رکوع وسجود ایچی ده توگاتماکلیک (١٤) عذر
بولمیسه موسجده گه بارورده ایکی تیزینی یرگه قویوش دین ایلگری ایکی قولینی قویماق
دقیام غه قوپوش ده ایکی قولینی کوتارلیش دین الگری ایکی تیزینی کوتارماک
(١٥) نماز ده کبر وتکبرانه تورماق مکروه دور قانچه عاجزلیق وسونوق
لوق بیلان توروب نماز ادقوماق لازم دور (١٦) نماز ده سنگایان اولتور
ماق (١٧) نماز ده آغزینی یوموب تورماق مکروه مگر اسناگ غالب
بولغان ده انی دفع قیلماق اوچون اغزینی یوموب تورماق مکروه ایماس دور
(١٨) نماز ده کوزینی یوماب تورماق (١٩) نماز ده توروب اوشاق تاش لارنی
یوتکاماک، اگر سجده قیلماق ممکن بولمیسه بیرمرته یاکه ایکی مرته یوتکاماک کمرده
بولمایدور (٢٠) نماز دین فارغ بولاش دین ایلگری یوزیدین تر یاتفراق نی
پاکیزه قیلماق (٢١) سجده ویا قعده ده ایگین لارینی آداپلاب یاغیب توروب
نماز ادقوماق یاکه جیغان تون نینگ پیش لارینی قیستوروب قویوب

نمازاو قوماق (۲۲) اساگ کلگان ده دفع قیلمای اسنا ماک (۲۳) کیر یلماک (۲۴) نمازده توره دب قول وپوت لاری نینگ بار ماق لارینی تولغاب دچوزاب آوازچیقار ماق (۲۵) قیام ده بیر پوتی نی بوش قویوب آرام الیب بنه بیر پوتی نی بوش قویوب استراحت آلماق (۲۶) رکوع دین باشقه وقت لار ده بار ماق نی ساچیپ وکیریب تورماق مکروه دور (۲۷) آلدالاب قرائت قیلماق (۲۸) باشینی اوچا صیغه برابر قیلمای سجده قیلماق (۲۹) نماز ده عذرسیز اوچ بار یا که آشوق راق قدم آلماق هر قدم العان دین کین بیر از توروب بنه بیر قدم آلسه مکروه دور اگر اوچ قدم نی بیر مرّه ده آلسه نماز فاسد بولادور (۳۰) نماز ده اونگ طرف چپ طرف گه مدیره لاب واغیناب تورماق (۳۱) نماز ده ایکی مره غینچه لیشه بییت. بورگه اوتور ماک مکروه. اگر ایکی مرّه دین آشیب کتسه نماز فاسد بولادور.

(۳۲) نماز ده توروب توکورماک (۳۳) نماز نینگ تاشیده کی حالت ده هم مسجد گه احترام اوچون خواه تاقچه سیگه خواه بور انینگ تیگی گه بلکه هیچ بیر گوشه شیغه توکورماسلیک ممنوع دور (۳۴) نماز ده توروب لیشه. بورگه بییت کبی جانورلارنی بیرگه کوممالیگ (۳۵) آز غنه حرکت بیلان اوتاک نی

سالیب تاشلاماق اگر کوب راق حرکت بیلان سالسہ نماز فاسد بولادور

(۳۶) نماز دہ خوشبوی بیر نرسہ بورلاماغلیق (۳۷) نماز دہ ایگیتی بیلان یاکہ

یالپوگوچ بیلان بیر ایکی مرتہ بیلپولسہ مکروہ دور اگر بیر ایکی مرہ دین زیادہ بیلپوتسہ

نماز فاسد بولادور (۳۸) بیر نماز غہ بیر سورہ نی ہمیشہ اوقوماق غہ خاص قیلماق

کہ باشقہ سورہ نی او نماز غہ اوقوماسلیق (۳۹) بیر رکعت دہ اوتڑادین بیر

سورہ نی تاشلاب باش دین بیر سورہ ایاغ دین بیر سورہ اوقوماغلیق (۴۰)

بیر سورہ دین بیر آیت نی اوقوب توروب ینہ باشقہ سورہ دین بیر آیت گہ

تولکالماک (۴۱) اولقی رکعت گہ ایاغ سورہ دین اوقوب ایکینچی رکعت

گہ باش سورہ دین اوقوماق مکروہ دور، اگر بیر رکعت دہ شیو طریقہ دہ

ایکی سورہ اوقوسہ بو نماز بی تشک مکروہ بولادور (۴۲) کیچیک بالہ نی کوتاریب

توروب نماز اوقوماق اگر عذر بیلان شوندا غ قیلسہ مکروہ بولماید ور

خاص بولغان مکروہ لار اون یتہ دور (۱) کفشتی نینگ آوازی انگلانغان

کشینی نماز غہ۔ اولگوروب آلسون دیب نماز آیچی دہ امام نینگ

قوم غہ انتظار قیلماقی (۲) فرض نماز لار دہ ایکینچی رکعت غہ اولقی رکعت دین

اوزون راق قرائت قیلماق (۳) امام دہ مقتدی غہ سہر قایدا غ نماز دا

دیالغوز نمازنی اوغوچی لارگه فرض نمازلارده آیت رحمت یاکه آیت
عضب اوقولغان وه معنی ده تفکر قیلیب بیر آز توختاب توراق (۴) دستارنینگ
بورگه سیگه یاکه توماق ودفه نینگ اوستیدین سجده قیلماق یاکه چفان نینگ
ینگی دین قول نی چیقارمای سجده قیلماق (۵) توساق نی بوتاغه چاپلا
شتوروب وایکی بازوسینی یرگه قویوب یاییب توروب سجده قیلماق ایرلرگه
مکروه دور خواتون لارگه سنت دور (۶) نمازده توروب توماق یا دفه سینی
آزغنه حرکت بیلان چیقاریب تاشلاماق مکروه دور اگر حرکت جیق بولوب
قالسه نماز فاسد بولادور (۷) دفتی یاکه تلفک نی کیمک هم تاشلاغان
صورتده مکروه بولغان دیک مکروه یا فاسد بولادور (۸) کوب جماعت گه
امام بولغان کشی جماعت گه اغیر کیلادورغان حال ده اوزون قرائت قیلیب
امامت جییک قیلماق هم مکروه دور هر حال ده قوم نینگ حالیگه قراب
نمازنی قیسقه یا اوزون اوقوماق لازم دور (۹) امام بولغان کشی قوم نینگ
آلدرا استینی ملاحظه قیلیب نمازنی تیز راق اوقوماق هم مکروه (۱۰) مایجوز
به الصلوٰة مقدارمے آیت اوقوب بولغان دین کین هم امام نینگ
فتح گه (لقمه گه) انتظار قیلماقی (۱۱) کوندوز نینگ نفل لاریده قرآءت نی جهرًا وقوماق

(۱۲) مخفی نمازلاردہ امام نینگ آیت سجدہ نی اوقوماتی مکروہ دور اگر سورہ نینگ اخیر بیدہ بولہ مکروہ بولمایدور (۱۳) عذرسیر محض خوش لوق وغم بیلان آیت رحمت یاکہ آیت عذاب نی قاتیتوروب اوقوماق اما نفل نمازلردہ مکروہ بولمایدور (۱۴) فرض نمازنینگ بیر رکعتی دہ بیر سورہ نی یاندوروب ایکی مرہ یاکہ زیادہ اوقوماق (۱۵) ایرکشی لار گرچغان یاکونگلاک نینگ ینگی نی توروب تویوب نمازاوقوماق مکروہ دور اگرہ خراتون کشی لار شوندا غ قیلہ نماز فاسد بولادور (۱۶) آیت رحمت یاکہ آیت غضب اوقولغان دہ مقتدی لار نینگ صَدَقَ اللّٰہُ تَعَالٰی وَبَلَّغَ رَسُوْلُہٗ دیماکی مکروہ دور، چونکہ نماز دہ مقتدی نینگ شوک توروب آیت لارنی انگلاماقی لازم دور (۱۷) عذرسیز تام یاکہ توکمہ دک نرہ یولانیب توروب نمازاوقوماتی مکروہ مگر نفل نمازلاردہ جائز بولادور

## یاداشت

بعضی کتاب لاردہ مکروہات لارنینگ بعضی سینی محرمات دین ساناب دور بعضی کتاب دہ مکروہات نینگ بیانی دہ تمام محرکات نی درج قیلیب دور بودورت دہ مکروہ یاکہ تحریمی بولادور یاکہ تنزیہی بولادور عقلِ سلیم گہ ایگہ بولغوچی لار مکروہات نماز دین تحریمی وتنزیہی نی اور عقلی بیلان آیریب بیلالایدور۔

# تیںنجی باب مباح لارنینگ بیانیده

مباح دیب نمازده مکروه بولمایدورغان فعل (قیلیق) لارنی ایتادو نمازده
اون بیر مباح یار دورانینگ دین سکنزی عام دور (۱) نمازده توروب یوزینی
ادیرو مای کوزی نینگ قویروغی بیلان قرماق (۲) غدر بولغان تقدیرده سجده
قیلادورغان یرنی بیر مرّه ایکی مرہ سوپوروب پاکیزه لب سونگره سجده قیلماق
مباح دور (۳) نمازده تورغان ده بیلان چیان کیلیب قالسه بیر آز حرکت
بیلان بولسه ہم اُدلتورماک جائز (۴) اگر قرائت نینگ ہیچ بیر کلّمه لار ایکیه مستون
طریقه بیلان اوقویش غه مانع بولمیه آغزلیغه تنگه واچن سالیب توروب نماز
اوقوماق جائز دور (۵) اُدلتوروش قویاش وه تافاشمایدورغان بیر نرسه نی
قولیده توتوب توروب نماز اوقوماق جائزه دور اگر نمازنینگ بیر اراء کافی عنه
دخل قیلسه جائز بولمایدور (۶) قرآن مجید نی موجوده ترتیب بیلان اوقوماق
اوّل نازل بولغان ترتیب بیدان اوقوش نی لعبعی مجتهد لار تجویز قیلیب دُور
مگر صحیح روائیت ده ترتیب عثمانی (رضی) بیلا اوقوماق ضروری دور (۷)
رکوع وسجودده ایگین نی اعضاء لار لیغه چاپلا شیب قالملا سوندیب سیلکیب آتماق

ہم مباح دور (۸) اولیکو رکعت دہ بیر سورہ نینگ اخیر دیس بیر نجہ آیت اینکو رکعت
دہ باشقہ بیر سورہ نینگ اخیر دیس بیر نجہ آیت اوقوماق ہم مباح دور خاص
بولغان مباح اوچ دور (۱) **نفل** نماز دہ بیر سورہ نی نجہ مرّہ یاندورمہ لاب
اوقوماق (۲) اگر امام غہ قیام وقعود نینگ اوزراسیدہ شک بولوب قالسہ کوزنی
نینگ تو یرہ غی بیلان ملاحظہ قیلیب مقتدی لار نینگ قولیقّان یا کہ اولتورغانی غہ
قراب قیام غہ یا کہ قعدہ غہ مایل بولماق (۳) نفل نماز لردہ صحیح و سالم
توروب ہم بیر نرسہ غہ یولانیب تورماق مباح دور،

## سکزینجی باب مفسداتِ نماز نینگ بیانیدہ

مفسدات دیب نماز نی فقط لام بوزا دورغان نرسہ لار نی دیدور لر
نماز نی بوزادورغان فعل (قیلیق) لار تحقیقا عموماً بش دور (۱) نماز دہ توروب
قصداً خواہ سہواً سوز لاماگلیک، ہر قاید غکہ سوز بولسہ بولسون نماز نی
فاسد قیلا دور (۲) نماز دہ توروب قہقہہ بیلان (دالاقلاب) کولسہ نماز
ہم بوزولادور طہارتی ہم سینادور (۳) نماز دہ توروب نماز دہ مشروع
بولمیغان بیر فعل نی ایکی مرّہ دین اشوق قیلماق موتی عمل کثیر دیدور لر عمل کثیر

بیلان نمازنی فاسد بولادور (۴) نمازنینگ فرض لاریدی بیرار فرض نی قصداً ترک
اتسه نماز فاسد بولادور۔ اگر شرعی بیر عذر بیلان ترک اتسه فاسد بولمایدو ور
(۵) نمازده تورۇپ طهارت نی سیندورغلیق واللہ اعلم بالصواب،

## اشارات بالسّبابه

اشارۃ بالسّبابه قیلماق ائمۂ اربعه دین روایت قیلینیب دور، مگر امام اعظم ابوحنیفه
رحمۃ اللہ علیه دین مشهور بولغان بیر روایت ده اشارۃ بالسبابه قیلماسون دیب در شو مشهور
روایت گه بناءً کته حنفی عالم و مجتهدلار اشارۃ قیلماسلیق نی ترجیح بیریب دور و در مختار ده
هم قیلماسلیق غه فتوی بیریب دور اما علماء حنفیه دین متاخرین عالملار اشارۃ قیلماقی
نی ترجیح قیلاشب دور لر اشارۃ قیلیش نی ترجیح قیلغان مجتهدلار بیر ان ایلیغ کتاب نینگ بیانی
چه شو صورت ده قیلماق نی تجویز قیلیب دور یعنی تشهدنی اوقوب لا الٰه دیگن لام تلفظ قیلیق
بیلان برابر سبابه بیلان اشارۃ قیلیب قول کوتاریب کلمۂ اِلَّا اللّٰه نی تلفظ قیلماق بیله برابر
انگشت سبابه نی تیز یده قویماق دور، باشقه بارماق لاریني یومماق لازم ایماس
دور دیو مولاق حلقه قیلماق هم کرک ایماس، مگر امام شافعی رحمۃ علیه نینگ مذهبی
ده اشارۃ بالسبابه نینگ طریقه سیني بو صورت بیلان قیلینیب دور یعنی تشهد اوقوش ده
اونگ قولی نینگ خنصر بنصر آتلیغ تور توتجی بیشینجی بارماق لاريني عقد قیلیب
(یوموب) ابهام آتلیغ بیرینجی کته بارماقینی وسطی آتلیغ اوترا

اوچونچی بارماقی غه اوچی دین تگروروب حلقه (یوملاق) قیلیب توروب کلمۂ شهادت داکی ایکی شهادت اوترالسیده انگشت سبابه یعنی ایکینچی بارماقی بیلان اشاره قیلماق دور، تمام مذهب ده لآ اِلٰهَ ده کوتاریبا لا الله ده قویماق دور، بیرکیم اوزی نینگ مقتدا بولغان مذهبی گه مطابق اشاره بالسبابه قیلالسه قیلیسه بولادور اگر سنت گه مطابق قیلالمای تبدیل تغییر بیریب سالیش نینگ خطره سی بولسه قیلماسون چونکه سنّت نی اجرا قیلامن دیب مکروہات غه ارتکاب قیلماق نینگ احتمال باردور۔

## ایکی رکعت نماز

ایکی رکعت نمازنی بوتون مشروع طریقه بیلان اوقوش نینگ ترتیبی بودور نماز اوقوماق غه اراده قیلغان کشی اوّل کامل طهارت السون، سونکره پاک ایگین کییب تورسون، تورغان وقتیده ایکی قدمی نینگ اوترا سینی تورت بارماق مقداری یراق قویوب قبله گه قراب تورسون او نماز نینگ نیتی تیل و دل بیلان قیلسون، مثلاً نیت قیلدیم اوتارمن نماز بلدا دنینگ ایکی رکعت سنیتی، دیبا فرضینی شبو وقت بیلان یوزوم قبله گه قبلدام بجهت کعبه خالصاً لله تعالیٰ الله اکبر۔ اگر جماعت لیگ فرض نماز بولسه اقتدا قیلدیم بحاضر امام غه اللّٰه اکبر دیب نماز غه شروع قیلسون تکبیر تحریمه

ده ایکی قولی نینگ آلقان دباره ماق لاريني قبله گه يو نه لاندوروب بوينگ باش بار ماقيني ايکي تولاتي نينگ يومشاق نينگ برابري غيچه كوتارسون بار ماق لاري آچوق، آچوق تورسون، مگر خواتون كشي قوليني اوشنه سيغچه كوتارسون امام غه اقتدا قيلغان كشي تكبيرني امام غه اولاشتوروب ايتسون، تكبير تحريمه دين كين اونگ قوليني چپ قولي نينگ اوستيغه قويوب، وا دنگ، قولي نينگ باش بارماقي بيلان كچيك چيچيلاق بارماقيني حلقه غه ادخشه چپ قولي نينگ بند دستي غه باغلاب كينديكي نينگ آستيدا قويسون، مگر خواتون لار قوليني سينه سي نينگ اوستيده قويادور، اندين كين ايكي كوزيني سجده گاه صيغه تيكلاب توروب آهسته ثنا اوقوسون، ثنا بودور،

سُبْحَانَكَ اللّٰهُمَّ وَبِحَمْدِكَ وَتَبَارَكَ اسْمُكَ وَتَعَالٰى جَدُّكَ وَلَا اِلٰهَ غَيْرُكَ سونگره اعوذ بالله وبسم الله ني آهسته ايتسون، سونگره سوره فاتحه اوقوسون، سوره فاتحه ني اوقوب وَلَا الضَّالِّيْن دين كين خواه مقتدي خواه منفرد آهسته آمين ديسون، ميم ني تشديد بيلا اوقوماق خطادور، اندين كين بير سوره ياكه اوزون بير ايت ياكه قيسقه اوچ آيت ني فاتحه گه ضم قيلسون، اگر مقتدي بولسه ثناء اوقوب بولوب اَعُوْذُ بِاللهِ وبسم الله ويا فاتحه ويا قسقه آيت و تسبيح هيچ بير نرسه اوقوماي توك

تورسون، نمازده قرائت نی آچوق، ردش وصحیح اوقوسون، آلدار یمای
آیرییب اوقوسون آوازیم چرایلیغ چیققون دیب یونالماسون، سوره یا آیت
نی اوقوب بولغاندین کین الله اکبر دیب رکوع غه بارسون، رکوع ده قولی
نینگ بارماق لاری نی آچیب تیزینی محکم، مضبوط توتوب تورسون رکوع ده
اوچاسینی باشی بیلان برابر توتسون، اگر بیر پیاله ده سو قویلسه اوریلوب کتر
بولادور باشینی ایگیز ھم قیلماسون پست ھم قیلماسون رکوع ده بازوسینی
قولتوقیغه چاپلاشتوروب تورماسون رکوع ده قیام ده تورغان مقداری تورسون
رکوع ده سُبحان ربّی العظیم، نی کم از کم اوچ بار دیسون اوچ دین
آشوق وطاق دیمک افضل دور، سونگره امام سمع الله لمن حمده
دیگان ده مقتدی ربنا لک الحمد دیسون منفرد تسمیع تحمید ایکی له سینی
دیسون، رکوع دین باش کوتارگان ده قدوقامتینی راست لاب وتوزلاب
برابر قیلسون، سونگره الله اکبر دیب سجده گه بارسون، سجده گه بارورده اول
ایکی تیزینی یرگه قویسون، سونگره ایکی قولینی قویسون سونگره بورنی نی سونگره
پیشانه سینی قویسون، پیشانه سی ایکی قولی نینگ اوتراسیده تورسون
باش بارماقی قولاقی نینگ یومشاقی نینگ برابریده تورسون اوقول لاری نینگ
بارماق لاری بیر بیریگه توتاشیب تورسون بارماق لاری نینگ اوچی قبله گه برابر

بولسون، بازوسینی قولتوتی دین یراق قیلسون، و قوساق نی یوتادین دیا
چاق دین و بیلاک نی و یاچاق نی یر دین یراق قیلسون اما خاتون
کشی لار مذکور اعضالارینی بیر بریکه چاپلاشتوروب سجده قیلادور، قیام
ورکوع ده تورغان مقداری سجده دا توراdور رکوع سجده دا قانچه اوزون تورسه
فضیلتی زیاده دور، سجده دا سُبحان ربّی الاعلیٰ نی کم از کم اوچ باره دیماک
لازم دور قانچه زیاده طاق دلیسه ثواب زیاده بولادور، طاق
بولمیسه یاکه اوچ دین آز اوقوسه ترک سنت بولادور، سونگره پیشانه نی
سونگره بورنی نی سونگره قولینی یر دین کوتاریب اللّٰه اکبر دیب سجده دین
قوپادور، ایکی سجده اوتراسیده باش داوچاسینی توزلاب اولتورسون، جلسه
دیب شونوا اولتورشنی دیدور یعنی بر لحظه آرام الماق واجب دور آرام المای
توخی دان چوقغان دیک سجده قیلسه نمازی فاسد بولادور، بعضی روایت ده ایکی
سجده اوتراسیده اَللّٰھُمَّ اغْفِرْلِیْ وَارْحَمْنِیْ وَاھْدِنِیْ وَارْزُقْنِیْ
وَارْفَعْنِیْ وَاَجِرْنِیْ مِنَ النَّارِ نی اوقوب سونگره ایکینچی سجده
که بارسون ایکنچی سجده اهم اولقی سجده که اوخشاشی تسبیح اوقوسون
سونگره یوزینی اندین کین ایکی قولینی سونگره تیزینی یر دین کوتاریب قیام غه
قوغسون، ایکینچی رکعت اوچون قیام غه تورغان دین کین اولقی رکعت

دیک قول یا غلاب تورسول، سونکره آهسته بسم الله دیب سوره فاتحه نی ادتوسون، فاتحه دین کین مخفی آمین دیسون اندین کین اولفی رکعت غه ادخشه سوره ضم قیلسون، مقتدیلر هیچ نرسه ادقومای شوک تورا دور سوره یاکه آیت تمام بولغاندین کین رکوع غه بارسون رکوع وسجود نی اوتفی رکعت داکی دیک قوله جلسه وتمام آداب وارکان لاری بیلان اداقیلسون، ایکینجی سجده دین باش کوتارگاندین کین قعده ده سنت طریقه بیلان اولتوروش نینگ طریقه سی بودور، چپ پوتینی توشاک قیلیب اوستیده اولتورسون، اونگ پوتینی یرگه تیکلاب پوت لاری نینگ بارماق لارینی قبله گه یوز لاندورسون

ایکی قولینی اوز حالتی بیلان اوزاتیب تیزی نینگ اوستیدا تونز وقیله غه باقتوروب قویسون، سونگره التحیات نی ادقوب لااله گه یتردع قیلماق همان ایکینجی، یاره ماق (سبابه) بیله اشاره قیلسون الا الله نی ادقوماق بیلان برابر یاره ماقینی تیز بیده قویسون اشاره نی مسنون طریقه ده قیلیش نی بیلمسه قیلمسه صحیح بولادور اگرایکی رکعت ایک نماز بولسه تشهد دین فارغ بولوب درود دعا ادقوب نماز دین سلام بیلان چیقسون واگر تورت،

رکعت لیک نماز بولسہ تشہد دین کین اوچونجی رکعت غہ قوپسون اورہ
تورد ب بولغاندین کین بسم اللہ یلان فاتحہ نی آہستہ اوقوسون سورہ ضم
لازم کلماید درسونگرہ رکوع دسجود غہ بارسون، تورتونجی رکعت نی هم
اوچونجی رکعت غہ اوخشہ اوقوسون، قعدۂ اخیرہ تشہد اوقوب
بولغاندین کین۔ اَللّٰھُمَّ صَلِّ عَلٰی مُحَمَّدٍ الخ اَللّٰھُمَّ بَارِکْ عَلٰی مُحَمَّدٍ الخ
نی اوقوسون بوایکی درود دین کین رَبَّنَا اٰتِنَا فِی الدُّنْیَا حَسَنَةً وَّفِی
الْاٰخِرَةِ حَسَنَةً وَّقِنَا عَذَابَ النَّارِ نی اوقوسون لعفی روایات
دہ بو دعانی یعنی اَللّٰھُمَّ اِنِّیْ اَعُوْذُبِکَ مِنْ عَذَابِ جَھَنَّمَ
وَاَعُوْذُبِکَ مِنْ عَذَابِ الْقَبْرِ وَاَعُوْذُبِکَ
مِنْ فِتْنَةِ مِنَ الْمَسِیْحِ الدَّجَّالِ وَاَعُوْذُبِکَ مِنْ
فِتْنَةِ الْمَحْیَا وَالْمَمَاتِ اَللّٰھُمَّ اِنِّیْ اَعُوْذُبِکَ مِنَ
الْمَاْثَمِ وَالْمَغْرَمِ نی اوقوسون اندین کین یوزینی اونگ
طرف وچپ طرف گہ اوبدان اویروب سلام برسون اَلسَّلَامُ
عَلَیْکُمْ وَرَحْمَةُ اللّٰہِ دیگان دہ اونگ قولیدہ کی تمام فرشتہ
وانسان لارنی نیت قیلسون وایکینچی دہ چپ طرف داکی ہم
تمام مُلک ومسلمان لارنی نیت قیلسون۔ مقتدی لار سلام برگان

ده امام قایسی طرف ده بولسه انی هم نیت قیلسون ، سلام نی بولتون
بیریب بولغاندین کین ، اَللّٰهُمَّ اَنْتَ السَّلَامُ وَمِنْكَ السَّلَامُ
تَبَارَكْتَ یَا ذَا الْجَلَالِ وَالْاِكْرَامِ ، نی اوقوسون سونگره
اَللّٰهُمَّ اَعِنِّیْ عَلٰی ذِكْرِكَ وَشُكْرِكَ وَحُسْنِ عِبَادَتِكَ اوقوسون
سونگره ۔ اَللّٰهُمَّ اِنِّیْ ظَلَمْتُ نَفْسِیْ ظُلْمًا كَثِیْرًا وَاِنَّهٗ لَا یَغْفِرُ الذُّنُوْبَ اِلَّا
اَنْتَ فَاغْفِرْ لِیْ مَغْفِرَةً مِّنْ عِنْدِكَ وَارْحَمْنِیْ اِنَّكَ اَنْتَ
الْغَفُوْرُ الرَّحِیْمُ ، نی اوقوسون دعا قیلغان خالده قولینی آغزی
نینگ برابریگه غیچه کوتارسون دعادین فارغ بولغانده قولینی یوزیگه تارتسون ،
دیا که آیت الکرسی نی اوقوسون سونگره سبحان اللّٰه نی ۳۳ بار الحمد للّٰه نی ۳۳
بار اللّٰه اکبر نی ۳۴ بار اوقوسون ، سلام دین کین لام کلمهٔ توحید نی اوقوماق
هم سنت دور ، نماز نی خضوع وخشوع وعاجزلیق بیلان اوقوسون
نی بیره والیق بیلان اوقوغان نماز غه ثواب بولمایدور نماز اوقوغوچی
اوزی نی اللّٰه تعالیٰ نینگ درگاهیده حاضر توروب راز آیتماق
غه مشغول بولغان دیک اعتقاد قیلسون

والله اعلم بالصواب

# بو قاریده مذکور بولغان مکروهات دین باشقه بینه

## بیرنچه مکروهات نماز بولار دور

(۱) نمازده بیرار واجب یاکه سنت نی ترک اتماگلیک (۲) چقان تون قتار لیغ ایگین لارنی اوچا غه یوره گانیب ینگی نی سایماي نماز اوقوماغلیق (۳) چادره و باشقه بیر نرسه نی اوچاسیغه آسیلدوروب قویوب نماز اوقوماگلیک (۴) صورت نی آلدی طرف ده قویوب نماز اوقوماق یاکه صورت لیگ جای نماز ده وایگین ده نماز اوقوماق مکروه دور اگر جان سیز نرسه نینگ صورتی بولسه باک یوق دور (۵) آدم لار اولتوروب تورغان طرف گه قراب توروب نماز اوقوماق (۶) حمام ده نماز اوقوماق (۷) قبرستان ده نماز اوقوماق (۸) کونگل پریشان بولا دورغان یرده نماز اوقوماق (۹) بد بوی جای وه دکونگل نفرت قیلادورغان یرلارده نماز اوقوماق (۱۰) اولغی صف ده خالی جای بار توروب ایکنچی صف ده امام غه اقتدا قیلماق (۱۱) کته آدم لار نابالغ کیچیک بالالاربیلان بیر صف ده توروب امام غه اقتدا قیلماق (۱۲) بت نینگ طرفیگه یاکه بت غه اوخشه صورت نینگ طرفیگه یاکه قویوب تورغان اوت نینگ طرفیگه

قراب توروب نمازاقوماق (۱۳) ثیاب بزلہ یعنی تاشقاری غہ کییب چیقالمایدور غان کھنہ ادی ایچی لیک ایگین بیان نماز اوقوماق (۱۴) عذرسیز دبی یرلیق بیلان باش باشتاق توروب نماز اوقوماق (۱۵) طہارتی قیستاب تورغان حالت دہ نماز اوقوماق (۱۶) آدم نینگ یوزیگہ قراب، توروب نماز اوقوماق (۱۷) بیرکیم نماز نینگ ناشیدہ سلام قیلسہ اشارت بیلہ یاکہ باشقہ عمل بیلان نماز نینگ ایچی دہ توروب جواب سلام برماک (۱۸) امام نینگ قوم دین جدا بولوب محراب نینگ ایچی دہ تورماقی ھم مکروہ دور اگر ایکی قدمی محراب دین تاشقاری تورسہ جائز دور (۱۹) قوم خواہیلامایدورغان آدم امام بولماقی مکروہ دور (۲۰) قولینی تاشقاری غہ چیقارالماس دورغان ایگین بیلان نماز اوقوماق مکروہ دور (۲۱) صورت آلدیدا بولسہ نماز اوقوماق مکروہ بولغان دیک ایکی طرفی دہ یاکہ اوستیدہ بولسہ ھم مکروہ دور، قدمی نینگ تیگیدا یاکہ آرقہ سیدہ بولسہ ممانعت یوق دور (۲۲) امام یا بجز بہ الصلوٰۃ مقداری آیت اوقوب بولغاندین کین لقمہ سالماق ہم مکروہ دور چونکہ او حال دہ سجدہ گہ کتماکی لازم دور (۲۳) امام تنہا ایگر وہ توروب قوم نینگ پست دہ تورماقی یاکہ امام نینگ تنہا پست دہ توروب قوم نینگ ایگیزدہ

تورماقی ہم مکروہ دور اگر بیرنچہ جماعت امام بیلہ بلّہ توروب قالداسے یاکہ ایگز دہ یاکہ لیست دہ تورسہ باک بوقتور (۲۳) رکوع دہ وسجدہ دانوخادان چہ قوغان دیک آلداراب قدّینی توزلار ماسی رکوع سجدہ قیلماق مکروہ دور (۲۵) بیرکیم بیلان غنہ نماز اوقوماق ہم مکروہ دور کونگلاک ویا پیجامہ علیٰ حدہ علیٰ حدہ بولماقی لازم دور (۲۲) ایکینچی رکعت نی اولقی رکعت دین اوزون قیلماق ہم مکروہ دور، ایکینچی سی قیسقہ راق بولسہ ہم باک یوق دور (۲۷) ترک سنت بولسہ نماز مکروہ بولا دور،

# ستره مسئلہ سی

بیرآدم صحرادہ ویاکہ اوتاش لیول اوستیدہ نماز اوقوش غہ مجبور بولسہ قوم لیقی چونگہ بارماق مقداری اوزون لوغی بیرگز مقداری لیغاچ نی آلدیدہ تیکلاقویوب نماز اوقوماقی لازم دور۔ قیلیسہ گناہ گار بولا دور اگرکتہ مسجد جامع دہ نماز اوقوسہ یراق یردین بیرکشی آلدی طرفیدین اولسہ اوتکوچی گناہ گار بولما یدور اگر سجدہ گاہ صیغہ یاقین بیرجای دین اوتسہ گناہ گار بولا دور ،

واگر کیچیک مسجد بولسه نماز اوقوغوچی بیلان مسجد نینگ قبله تامیدین
قالیسی بیر جای دین بیر کشی اوتسه نهایتی قاتیغ گناه گار بولادور، چنانچه
حدیث شریف ده کیلیب دورکه قال النبی صلی اللہ علیہ وسلم
لو علم المار بین یدی المصلی ماذا علیہ من الوزر لکان
أن یقف اربعین ای سنة خیرا من ان یمر بین یدیه
اخرجه اصحاب الصحاح ترجمه سی بوکه اگر بیلسه ایدی نماز اوقوغوچی
نینگ آلدیدین اوتکوچی بولادورغان گناه نینگ کته لیقلیغی البته قرق ییل
ساقلاب تورغانی اوتکانیدین انگا یخشی بولور ایدی دیمیک دور
دیته ابن ماجه ابو هریره رضی اللہ عنه دین روایت قیلیب دورکه
بو بیر دیله پیغمبر علیه السلام اگر بیلسه ایدی اوزی نینگ نماز اوقوب
تورغان بیر برادری نینگ آلدیدین توغرا اوتکوچی اوتکان نینگ
شوم لیقی نی بیر قدم آلماس ی یوز ییل توختاب توروشنی اختیار قیلور
ایدی دیوز ییل ساقلاب تورغانی یخشی ایدی، دینه بیر حدیث
نی امام مالک کعب الاحبار رضی اللہ عنه دین روایت قیلیب دورکه
اگر بیلسه ایدی نماز اوقوغوچی نینگ آلدیدین اوتکوچی اوتکان
دین بیر لوگتکانی انگا یخشی بولور ایدی یته بیر روایت ده نماز اوقو

غوچی نینگ الدیدین اوتکان نینگ ادرنی عنه یره یوتوب کته عذابی آسان راق بولورایدی دیمک دور سعادیه دین نقل قیلینیدی مطلب شوکه صحراده نماز اوقوغان کشی البته بیر ارگز بیر یا غاچ نی چیپ قاشی نینگ اوتورلیغه یاکه اونگ قاشی نینگ اوتورلیغه تیکسلاب قویوب نماز اوقومائی لازم دور، تیکلا ماہی نمازغه شروع قیلسه فاتیغ گناه گار بولا دور، مگر کیچیگ مسجد نینگ ایچیده ستره لازم کلما یدور، مگر آدم اوتادورغان بیردین بیراق راق بیرطرف نماز اوقوماقی ضروری دور کیچیگ مسجد ده مصلی نینگ آلدیدین اوتکان آدم یوقاری دامذکور بولغان قاتیغ غضبِ الٰہی غه مستحق بولادور۔

# نمازغه اہتمام قیلماق نینگ بیانیده

تمام عبادت لار نینگ عمدهٔ دا فضلی نماز دور۔

۱:- صحیح مسلم ده جابر رضی اللہ عنہ دین روایت قیلیب دور کہ ا۔

بویہ دیلہ پیغمبر علیہ السلام ۔ وُصَلہ بندہ بیلان کفرنینگ او
تراسیدہ ترکِ نماز دور ، یعنی نمازنی ترک اتمک کفرغہ
یٹکوزا دور دیمک دور۔

۲۔ حدیث :۔ احمد وترمذی ونسائی بریدہ رضی اللہ عنہ دین
روایت قیلیب دور لارکہ بویرودیلہ پیغمبر صلی اللہ علیہ وسلم: بیز بیلان
خلائق نینگ اراسیدہ عہد (امان) نماز دور ہر کشی کہ نمازنی قصداً
ترک ، لسہ کافر بولادور۔

۳۔ حدیث :۔ ابن ماجہ ابی الدرداء رضی اللہ عنہ دین
روایت قیلیب اوذات پیغمبر صلی اللہ علیہ وسلم دین روایت قیلیب
دور ۔ وصیّت قیلدی منگا نینگ خلیلیم صلی اللہ علیہ وسلم ۔ کہ اگرچہ
اوُلتور لسانگ وکویدورلسانگ ہم خدا غہ شرک کیلتورمہ
آتا وانانگ غہ نافرمان لیق قیلما غیل اگرچہ خواتون دیالہ ومال لارنیگ
دین آیریلیش غہ بویرودغ بریسہ ہم ، و فرض نمازنی قصداً ترک
اتمہ کیل ، ہرکشی کہ فرض نمازنی قصداً ترک اتسہ خدای تعالی نینگ
ذِمّہ سی انینگ دین بری دور ، یعنی اللہ تعالی مغفرت ذمہ سیتی
کوتاریب عفو ومغفرت تیدین یراق قیلا دور ۔

۴:۔ حدیث :۔ احمد و داری و بیھقی ۔ عمرو بن عاص رضی اللہ عنہ
دین روائیت قلیب دو رلرا او ذات پیغمبر صلی اللہ علیہ دین روایت قلیب
دورکہ، ہر کسّی کہ لبّن وقت نمازنی محافظت قلیب تا شلامای او تو سہ
اونماز مصلی گہ قیامت کونی دہ نور رحجت و خلاص لیق بولا دور و ہر کسیم کہ
نمازنی قصداً تا شلاشہ قیامت دہ نور رحجت برہان و خلاص لیق دین محروم
بولا دور ، بلکہ بی نمازہ لا رقیامت کونی فرعون و ہامان و قارون وابی
اُبَن خلَف (دشمنِ دینِ اسلام) لا ریلان برصف دہ و برپیدہ بولا دور
مُنہ شبونہ کورحدیث لا رگہ قراب :۔ احمد ابن حنبل رحمتہ اللہ علیہ نمازنی
قصداً ترک اکوچی تی کافر بولا دور دیب حکم قلیب دور، امام شافعی
رحمتہ اللہ کافر لیق غہ حکم قیلسہ موا ؤ لتوروش غہ حکم قلیب دور، امام اعظم
ابو حنیفہ رحمتہ اللہ علیہ تا اُؤ لگوچہ زندان غہ حکم قلیب دور، بی نمازہ در
حال کافر بولمسہ ھم عاقبتی کفر غہ انجام تاپا دور، یا کہ ادلا ژدہ بی ایمان
کتماک غہ کتہ خطرہ بار دور،

نعوذ باللہ من ذالک

روزِ محشر دہ خدای ذوا لجلال
لبّن نمازہ دین اوّلاً قیلغای سوال

خداوند کریم جملہ بندہ لاریگہ توفیق و ہدایت بیربیب
احکام الٰہی غہ پابند قیلسون آمین آمین آمین

اَللّٰهُمَّ اجْعَلْ آخِرَ كَلَامِنَا مِنَ الدُّنْيَا
شَهَادَةَ اَنْ لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ مُحَمَّدٌ رَسُوْلُ اللّٰهِ
صلی اللہ علیہ وسلم

روز محشر جان گداز بود
اولین پرسش که نماز بود

ہر کہ خواند دعا طمع دارم - زانکہ من بندہ گنہگارم،
۱۲ رمضان المبارک سنہ ۱۴۰۱ھ

# دعائے قنوت

اَللّٰهُمَّ اِنَّا نَسْتَعِيْنُكَ وَنَسْتَغْفِرُكَ

خدایا بیز سن دین یاردم تیلای میز ومن دین مغفرت تیلای میز

وَنُؤْمِنُ بِكَ وَنَتَوَكَّلُ عَلَيْكَ وَنُثْنِيْ عَلَيْكَ الْخَيْرَ

بیز نگا ایمان کلتورامیز وسنگا توکل قیلامیز وسینیگ تعریفینگ قیلامیز

وَنَشْكُرُكَ وَلَا نَكْفُرُكَ وَنَخْلَعُ وَنَتْرُكُ

سینیگ (نعمت) سنگہ شکر قیلورمیز (نعمت) نیگہ ناشکر قیلمائی میز سنگا نافرمان لیک قیلغان

مَنْ يَّفْجُرُكَ اَللّٰهُمَّ اِيَّاكَ نَعْبُدُ وَلَكَ

دین یوز اوردی میز وعلیحدہ بولامیز الہی شکا غنہ عبادت قیلورمیز وسینگ

نُصَلِّيْ وَنَسْجُدُ وَاِلَيْكَ نَسْعٰى وَنَحْفِدُ نَرْجُوْ

اوچون نماز اوقوی میز سجدہ قیلورمیز وسینگ طرفنگہ یوگورامیز وسینگ رحمتینگ غا امید

رَحْمَتَكَ وَنَخْشٰى عَذَابَكَ اِنَّ عَذَابَكَ بِالْكُفَّارِ

دورمیز سینیگ عذابینگ دین قورتامیز تحقیق سینیگ عذابینگ کافر

مُلْحِقٌ

لرگہ دور

فقط نماز اوچون بو مختصر رسالہ یازیلیدی باقی عقاید ضروریہ، طہارت، مفصل نماز زکوۃ، روزہ حج وغیرہ مسئلہ لار تعلیم الاسلام آیلنغ کتاب دہ مندرج دو ضرور کورولسون